ئەنۋەر تۇرسۇن

# ئۇيغۇرلاردىكى پسىخىك ئاجىزلىقلار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەنۋەر تۇرسۇن

# ئۇيغۇرلاردىكى پسىخىك ئاجىزلىقلار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



## نەشرىياتتىن

ئەنۋەر تۇرسۇن 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۈگۈر ناھىيىسىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە بۈگۈر ناھىيىسىدە ۋە قەشقەر شەھىرىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1965 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان. ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل مائارىپ سېپىدە خىزمەت قىلغان، 1984 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى باشقارمىسىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ئەنۋەر تۇرسۇن 1988 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر پىسخىكىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىك ئاجىزلىقلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ماقالىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى بۆلۈمدە پىسخىكا، پىسخىك خاسلىق، ئۇدۇم ۋە بىر قىسىم پىسخىك تۇرلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن. ئىككىنچى بۆلۈمدە پىسخىك ئامىللارنىڭ ئادەمدە شەكىللەندۇرگەن پىسخىك ھالىتى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى نۇقتىلىق شەرھلىنىدۇ. بۇ كىتاب

مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىدىكى ھەر خىل پاسسىپ ، يارىماس ئىللەتلەرنى
تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ، تەرەققىي قىلغان ئىلغار
مىللەتلەر قاتارىدا ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ياخشى قوللانما
بولالايدۇ .

## I ئومۇمىي بايان


1. پسىخىكا ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 1
2. پسىخىكىنىڭ ئۇدۇملۇق خۇسۇسىيىتى ........................ 11
3. پسىخىك خاسلىق ........................ 18
4. باشقۇرۇش ۋە بويسۇنۇش پسىخىكىسى ........................ 24
5. سەنئەت پسىخىكىسى ........................ 41
6. ئاياللار پسىخىكىسى ........................ 48
7. ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك ھالىتى ........................ 53
8. قىممەت پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ھالىتى ........................ 59


## II بىر قىسىم پسىخىك ئاجىزلىقلار


1. تەمەخورلۇق ........................ 73
2. نادانلىق ........................ 78
3. قالاقلىق ........................ 81
4. خۇراپاتلىق ........................ 83
5. خۇشامەتكويلۇق ........................ 88
6. ئاچكۆزلۈك ........................ 93
7. ھۇرۇنلۇق ........................ 102

8 . هەسەتخورلۇق ........................ 105
9 . يۇرتۋازلىق ........................ 110
10 . ئاداۋەتخورلۇق ........................ 119
11 . دورامچىلىق ........................ 125
12 . چېقىمچىلىق ........................ 130
13 . يالغانچىلىق ........................ 135
14 . خوتۇنبازلىق ........................ 140
15 . « قىلما » دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلىش ........................ 148

# I ئومۇمىي بايان

## 1. پسىخىكا ھەققىدە چۈشەنچە

پسىخىكا ــ پسىخولوگىيە ئىلمىگە تەۋە خاس ئاتالغۇ. پسىخولوگىيە ــ ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسى ۋە پسىخىك پائالىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان يۇمشاق پەن. پسىخىكا كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ھەر خىل خۇي ـ مىجەز، خۇلق ـ خاراكتېرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ يىغىنچاقلىنىپ ئېيتىلىشى.

پسىخولوگىيە قەدىمدىكى يۇنان تىلىدىن ئېلىنغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «پسىخو» روھ، «لوگىيە» نىڭ يىلتىزى بولغان «لوگۇس» ئىلىم، سۆز دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا «روھىيەت توغرىسىدىكى ئىلىم»، كونكرېت ئېيتقاندا «ئادەمنىڭ خۇي ـ مىجەزى، خۇلق ـ خاراكتېرى توغرىسىدىكى ئىلىم» دېگەن مەنە چىقىدۇ.

پسىخولوگىيە ــ مائارىپ پسىخولوگىيىسى، بالىلار پسىخولوگىيىسى، باشقۇرۇش پسىخولوگىيىسى، ئەمگەك پسىخولوگىيىسى، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پسىخولوگىيىسى، نىكاھ پسىخولوگىيىسى، مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى، مۇناسىۋەت پسىخولوگىيىسى، جىنايەت پسىخولوگىيىسى ... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كەسپىي تۈرلەر ۋە

ئىجتىمائىي تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھەر بىر پسىخولوگ
تۈرى شۇ خىل كەسپىي تۈر ياكى ئىجتىمائىي تۈرنى
ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى
پسىخىك پائالىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى پسىخىك جەريان
پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتى ، ئادەمنىڭ مېڭە پائالىيىتى
ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش دەرىجىسى ، پسىخىك تاللىشى ۋ
سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىدە قايتىدىن تاللانغان پسىخىك ھالەتنى
مەلۇم بىر خىل ئىنكاسى قاتارلىقلارنى لوگىكىلىق تەھلىل ۋ
كۆزىتىش ئارقىلىق ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېچىپ بېرىدۇ . بۇ مەنىدى
ئېيتقاندا ، پسىخولوگىيە ھەققىدە مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولۇش ئىنسان
ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر . ئىقتىسادىي ئارقىدا قالغان ، بولۇپمۇ
پەن - تېخنىكا ، مائارىپ تەرەققىياتى يۈكسەلمىگەن مىللەت
ئۈچۈن پسىخولوگىيە ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلىش .
ئۆزىنىڭ پسىخىك ئاجىزلىقىنى تونۇپ چىقىش ۋە تۈزىتىش .
شۇنداقلا ئۇنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ، ئەۋلادلارنىڭ خۇي -
مىجەز ، خۇلق - خاراكتېرىنى رۇسلاشقا خىزمەت قىلدۇرۇش
ئىنتايىن مۇھىم .

پسىخىكا — ئادەمدىكى ئىرسىيەت ، قان تىپى ، ئۇدۇم ،
ئىدراك ، تەپەككۇر ۋە سىرتقى مۇھىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ
تەسىرىدە مەلۇم بىر خىل تاللاشتىن شەكىللەنگەن خۇي -
مىجەز ، خۇلق - خاراكتېردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇيغۇرلار ئادەتتە
ئۇنى « خۇي ، مىجەز » دەپ ئاتايدۇ .

ئىنسان پسىخىكىسى مۇئەييەن قانۇنىيەتتە پەيدا بولىدۇ ۋە
تەرەققىي قىلىدۇ . ئادەمنىڭ مەلۇم بىر خىل پسىخىكىسى
ئەجدادلارنىڭ مەلۇم بىرىدىكى مەلۇم بىر خىل خۇي - مىجەزنىڭ

ئىرسىيەتلىك ، ئۇدۇملۇق ياكى قان ئارقىلىق ئۆتۈش ؛ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ستىخىيىلىك ياكى مەقسەتلىك تەربىيىسى ، ئۈلگىسى بىلەن تەبىئىي ۋە ستىخىيىلىك ھالدا يېتىلىدۇ . قان تىپىمۇ ئادەمنىڭ مەلۇم خاراكتېر ، خۇي ـ مىجەزىنى ستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەندۈرىدۇ . بۇ بىر خىل قانۇنىيەت .

ئىنسان پسىخىكىسى ئادەمدىكى ئىدراك ، تەپەككۇر ، نىيەت قاتارلىقلارنىڭ تاللىشى ئاستىدا مەلۇم خاراكتېردىكى پسىخىك ئامىللارنى پسىخىك قۇرۇلمىغا كىرگۈزىدۇ . شۇڭا ئادەملەرنىڭ خۇي ـ مىجەزى مۇرەككەپ بولىدۇ .

ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ياشاش ئۇسۇلى ، ياشاش ئادىتى ، ئەمگەك ( ئىشلەپچىقىرىش ) ئۇسۇلى ۋە ئەمگەك ( ئىشلەپچىقىرىش ) ئادىتى ، تەربىيىلىنىش مۇھىتى ، جۇغراپىيىلىك ماكان قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ، مەلۇم خاراكتېردىكى پسىخىك ئامىللار شەكىللىنىدۇ .

ياشاش ئۇسۇلىنىڭ ئىنسان پسىخىكىسىدا ئۆزگىچە ئامىللارنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئېنىق . ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى توپلىشىپ ياشاش ئۇسۇلى ئىنسانلاردا كوللېكتىپقا ئىنتىلىش ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن . ئۇلاردىكى كوللېكتىپ ئەمگەك ، ئەمگەك مېۋىلىرىنى تەڭ تەقسىملەش ، ئەمگەك ئىقتىدارى يوقلارغىمۇ بىر ئۈلۈش بېرىش قاتارلىقلار ئۇلاردا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش ، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق قاتارلىق پسىخىك ئامىللارنى شەكىللەندۈرگەن .

قۇللۇق تۈزۈمدە ئىنسانلار قارىمۇ قارشى ئىككى تەبىقە ــ قۇلدارلار ۋە قۇللارغا ئايرىلغاندىن كېيىن ، قۇلدارلاردا قۇللارغا

رەھىمسىزلىك ؛ ئىقتىساد ، مال — مۈلۈككە قارىتا ئاچكۆزلۈك بېخىللىق قىلىش ئاملىرى پەيدا بولغان . قۇللاردا ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تەگرىدىن ، تەلىيىدىن كۆرۈش ، بېقىندىلىق ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە چىداش قاتارلىق پسىخىك ئامىللار ؛ كېيىنچە قارشىلىق كۆرسىتىش ، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى قورال ـ سايماندىن كۆرۈش ياكى قۇلدارلارغا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن قورال ـ سايمانلارنى بۇزۇۋېتىش ، ئىسيان كۆتۈرۈش قاتارلىق پسىخىك ئامىللار شەكىللەنگەن .

فېئودالىق جەمئىيەتتە يەر ئىگىلىرى ، مۈلۈك ـ ئىقتىساد ئىگىلىرى ئاچكۆزلۈك ، بېخىللىق ، رەھىمسىزلىك ، خۇشامەتچىلىك ، ئىككى يۈزلىمىلىك قاتارلىق پسىخىك ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن . تۆۋەن قاتلامدىكى يەرسىز ، مۈلۈكسىزلەردە يەككىلىك ، چېچىلاڭغۇلۇق ، شەخسىيەتچىلىك ، يىراقنى كۆرەلمەسلىك ، نادانلىق ، قالاقلىق قاتارلىق پسىخىك ئامىللار يېتىلگەن . مەلۇم مىقداردا يېرى بار دېھقانلاردا كىچىك ئىگىلىككە قانائەت قىلىش ، تار مەنپەئەتپەرەسلىكتەك پسىخىك ئامىللار يېتىلگەن .

جۇغراپىيىلىك ماكانمۇ ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ شەكىللىنىشىدە مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ . چۆل ، تاغلىق ، قۇرغاق جايدا ياشايدىغانلارنىڭ پسىخىكىسى بىلەن بوستانلىق ، تۈزلەڭلىكتە ياشايدىغانلارنىڭ پسىخىكىسىدا مەلۇم ئوخشاشماسلىقلار بولىدۇ . ئەمما پسىخىكىدىكى بۇ خىل ئوخشاشماسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ . ئوخشاش ماكاندىكى بىر بۆلەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە

ئادىتى بىلەن يەنە بىر بۆلەكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتىدە ئوخشاشماسلىق بولسا، جۇغراپىيىلىك ماكانىنىڭ تەسىر كۈچى چوقۇم كىچىك بولىدۇ.

خاس يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك ئادىتى ئىنسانلارنىڭ پىسخىكىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان پىسخىك ئامىللارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا بەلگىلىك تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىدىكى خاسلىق، بولۇپمۇ گۆش ئىستېمالىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل، مىجەز، خاراكتېر قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشمايدىغان پەرقلەرنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزگە گۆشنىڭ ئادەم پىسخىكىسىغا مەلۇم پىسخىك ئامىللارنى سىڭدۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە — ئوزۇقلۇق قىلىندىغان چارۋا گۆشىنىڭ تۈرىدە (بۇ مەسىلىدە بەزى پىكىر - ئىختىلاپلار مەۋجۇت). بۇنى مۇنداق ئاساسلاشقا بولىدۇ: ئات گۆشىنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتنىڭ خاس پىسخىكىسىدا ئۈيۈشقاقلىق، باتۇرلۇق، ئەقلىي ئۇستۇنلۈك ئامىللىرى خاراكتېرلەنسە، قوي، ئۆچكە گۆشىنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەردە تارقاقلىق، بۆلۈنمىچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، يىراقنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىق پىسخىك ئامىللار كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭدىن يېمەكلىك قىلىنىدىغان گۆش تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ تىپىك خۇيى شۇ خىل چارۋا گۆشىنى ئىستېمال قىلىدىغان ئادەم (مىللەت) گە مەلۇم دەرىجىدە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قان تىپىنىڭمۇ ئادەم پىسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى غەربلىك ئالىملار ئىسپاتلاپ چىقتى. قان تىپى

ئادەم پىسخىكىسىغا ستىخىيىلىك ھالدا شۇ خىل قاننىڭ مىزاج
بويىچە پىسخىك ئامىللارنى سىڭدۇرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قان تىپى A، B، O، AB دىن ئىبارەت تۆ
خىل بولىدۇ. ھەر بىر خىل قان تىپىنىڭ ئادەمدە ستىخىيىل
ھالدا شەكىللەندۇرىدىغان خۇي ـ مىجەز، خاراكتېرى بىر
بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. قان تىپى ئادەمنىڭ تۇغما مىجەزىن
بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭدەك، بىر خىل قان تىپىدىكى ئادەملەرنى
خۇي ـ مىجەزىدە بەزەن ئوخشاشماسلىقلارمۇ بولىدۇ. ئەمما، قا
تىپى ستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەندۇرگەن خۇي ـ مىجەز بولس
ئىرسىيەت، ئۇدۇم، ئائىلە، مەكتەپ تەربىيىسى، مۇھىت ۋ
ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئوخشاشمىغا
دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ. ئىككىنچى بىر ھالەتتە، قان تىپى
ستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەندۇرگەن خۇي ـ مىجەز ياشنىڭ
چوڭىيىشى ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى
ياسايدۇ.

ئىنسان پىسخىكىسى ئېتىقادىي قۇرۇلما ۋە دىنىي ئېتىقاد
ھالىتىدە تۇرغاندا مەلۇم پىسخىك ئامىللارنى ھاسىل قىلىدۇ.
ئىنسانلاردىكى نىكاھ، ئائىلە ئېتىقادى ئادەمدە مەلۇم پىسخىك
ئامىللارنى شەكىللەندۇرسە، ئاتا ـ بوۋىلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى
ئادەمدە بىر خىل پىسخىك ئامىلنى شەكىللەندۇرىدۇ؛ تۇرمۇش
ئېتىقادى ئادەمدە بىر خىل پىسخىك ئامىلنى شەكىللەندۇرسە
ۋەتەن، ئانا يۇرت ئېتىقادى ئادەمدە بىر خىل پىسخىك ئامىلنى
يېتىلدۈرىدۇ. دىن ئېتىقادى ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ پىسخىكىسىغا شۇ
خىل دىن پەيدا قىلغان (قىلدۇرغان) پىسخىك ئامىللارنى
سىڭدۇرىدۇ.

ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىق تەربىيىلىنىش مۇھىتى ئادەمنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىغا ئوخشاشمىغان ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرسىدە ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسى ۋە پسىخىك تەسىرى چوڭراق ئورۇن ئالغان بولسا، بىرسىدە مائارىپنىڭ پسىخىك تەسىرى، يېتەكلىشى بىلەن مەلۇم پسىخىك ئامىللار روشەن ئورۇنغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىرسىدە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرى رول ئوينىغان بولۇپ، شۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىت مەلۇم پسىخىك ئامىللارنى يېتىشتۈرىدۇ.

ئىجتىمائىي تۈزۈممۇ ئادەم، مىللەتكە مەلۇم پسىخىك ئامىللارنى سىڭدۈرىدۇ. نەتىجىدە ئادەملەرنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسى ئوخشاش مۇھىت، ئوخشاش ماكان، ئوخشاش شارائىت ئاستىدىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى نۇرغۇن پسىخىك ئامىللاردىن ھاسىل بولغاچقا، زىددىيەتلىك خۇي - مىجەز، خاراكتېرلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ پسىخىك «تاللاش» ھالىتىگە باغلىق بولىدۇ.

تاللاش ئادەمنىڭ مەلۇم ئوبيېكت (ئىش - ھەرىكەت) نى پسىخىك تاللىشىدىكى ئىپادە - كوللېكتىپ مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ياكى شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش، ياخشى كۆرۈش ياكى نەپرەتلىنىش (قىزىقىش - سەسكىنىش)، ئىنتىلىش ياكى پاسسىپلىقتىن ئىبارەت روھىي ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. بىر خىل تاللاش بىر خىل ئىنكاس ئارقىلىق ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنكاس بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر ئوبيېكتقا بولغان

تاللىشىدىن ئۆتكەن پوزىتسىيىسى بولۇپ، ئۇ ـــ تەمكىن ياكى چاچقۇن، سەمىمىي ياكى ھىيلىگەر، قەيسەر ياكى قورقۇنچاق، ئىتائەتمەن ياكى باشباشتاق، سەۋرچان ياكى تاقەتسىز، سەزگۈر ياكى بىخۇت، راستچىل ياكى يالغانچى، رەھىمدىل ياكى رەھىمسىز، ئاقىل ياكى نادان، تىرىشچان ياكى ھۇرۇن بولۇشتەك ئىپادىلەرگە قارىتىلغان.

پسىخىك جەريان نۇقتىسىدىن ئالغاندا تاللاش ئىنكاسنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە ماس بولغان بىر خىل ئىنكاسنى پەيدا قىلىدۇ ياكى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدا بىر خىل تاللاش ۋە ئىنكاس سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدىغان پسىخىك ئالامەتلەر بەزىلەردە روشەن بولىدۇ، بەزىلەردە يوشۇرۇن ياكى گۇڭگا ھالەتتە ساقلىنىدۇ. ئۇ پەقەت مەلۇم مۇھىت، مەلۇم سورۇن، مەلۇم ئەھۋالدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن شۇ ئادەمدىكى تېخى ئاشكارىلانمىغان يوشۇرۇن پسىخىك ئامىللارنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

تاللاشنىڭ پسىخىك جەريانى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرسى، ئىرسىيەتلىك ياكى ئۇدۇملۇق تاللاش بولۇپ، بۇ خىل پسىخىك تاللاش ئادەمنىڭ ئۆزىگە بېقىنىغان تاللاش بولماستىن، ئىچكى قاتلاملىق پسىخىك تاللاش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ستىخىيىلىك ھالدا ئاتا ـ ئانىدىكى مەلۇم پسىخىك ئامىللار، ئاتا ـ ئانىنىڭ قېنى ئارقىلىق ئۆتىدۇ ياكى ئاڭسىز، مەقسەتسىز ھالدا ئۇدۇم بولۇپ داۋاملىشىدۇ. پەقەت ئادەمنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى، تەپەككۇر كۈچى ئىچكى پسىخىك جەرياندىن ئۈستۈن كەلگەندىلا، ئۇ خىل پسىخىك ئامىللارنىڭ رولى ئاجىزلىشىدۇ ياكى تىزگىنلىنىدۇ. يەنە بىرسى ئادەمدىكى تاشقى قاتلاملىق پسىخىك تاللاش. بۇ خىل پسىخىك تاللاش ئادەمنىڭ تاشقى دۇنيانى بىلىش جەريانىدا

ئەقىل ـ ئىدراك، تەپەككۇر كۈچى بىلەن پسىخىك ھادىسىلەرنى ئاڭلىق، مەقسەتلىك تاللاشتىن ئۆتكۈزۈپ، پسىخىك قۇرۇلمىسىغا مەلۇم پسىخىك ئامىللارنى كىرگۈزۈپ، ئۆزىدىكى ئىرسىيەتلىك ياكى ئۇدۇملۇق تاللانغان پسىخىك ئامىللارنى تىزگىنلەيدۇ ياكى ئاجىزلىتىدۇ. مەيلى ئىرسىيەتلىك، ئۇدۇملۇق تاللاش بولسۇن ياكى تاشقى قاتلاملىق پسىخىك تاللاش بولسۇن، ئۇ ئادەمدە ھامان زىددىيەتلىك پسىخىك ئامىللارنى پەيدا قىلىدۇ.

پسىخىك ئىنكاس ئادەمنىڭ پسىخىك ھادىسىلەرگە بولغان مەلۇم بىر خىل ئىنكاسى. بەزى ئادەملەردىكى مەلۇم پسىخىك ھادىسىلەرگە بولغان مەلۇم بىر خىل ئىنكاس شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى مەلۇم بىر خىل پسىخىك تاللاشقا ماس ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ مەلۇم پسىخىك ھادىسىلەرگە بولغان پسىخىك ئىنكاسى ئۆزىدىكى پسىخىك تاللاشقا ماس بولمىغان خاراكتېردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئادەملەرنىڭ مەلۇم بىر خىل پسىخىك ھادىسىگە بولغان پسىخىك ئىنكاسىغا قاراپ، ئۇ ئادەمنىڭ پسىخىك تاللىشىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ پسىخىك ئىنكاسىدىن ئۇنىڭ ئەسلى پسىخىك تاللىشىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن پسىخىك ئىنكاسىنىڭ مۇرەككەپ پسىخىك جەريان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ يەككە پسىخىك ئامىللىرى ئىنسانىيەتنىڭ بىر بۆلىكى بولغان مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىدا ئورتاقلىققا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شۇ مىللەتكە خاس بولغانلىرى شۇ مىللەتنىڭ پسىخىك خاسلىقى ھېسابلىنىدۇ.

مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىك ئامىللىرى ۋە ھالىتى مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئىنتىك تەركىبلەر، ئۇنىڭدىكى خاس پسىخىك

ئامىللار ۋە يەككە پسىخىك ئامىللارنىڭ يىغىندىسىدۇر . شۇڭا بەزى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق پسىخىك ھالىتى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن بولسا، بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىرسى، شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ ئازلىقىدىن؛ يەنە بىرسى، يەككە ھالەتتىكى پسىخىك ئامىللارنىڭ بىر قەدەر ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . بەزى مىللەتلەرنىڭ پسىخىك ھالىتىدىكى ئورتاقلىقنىڭ كىچىك بولۇشىدىكى سەۋەبنى، كۆپ مەركەزلىك ھالەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن، شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك تەركىبىنىڭ كۆپلۈكىدىن، مىللەت ئەزالىرىدىكى يەككە پسىخىك ئامىللارنىڭ ئورتاقلىقتىن چەتنىگەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . بۇ يەنە بىر جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھالىتى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساپاسى، باشقۇرۇش ئورنىدىكى ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇش ـ يېتەكلەش ساپاسىنىڭ پسىخىك جەريانى ھەمدە مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىكىسى بولۇپ شەكىللەنگەن پسىخىك خاسلىقى بىلەن مىللەت ئەزالىرىنىڭ يەككە پسىخىك قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ياكى يەككىلىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بۇ ھەقتە پسىخىك خاسلىق، پسىخىك ئۇدۇم ۋە باشقا تېمىلاردا ئايرىم چۈشەنچە بېرىلىدۇ .

# 2 . پسىخىكىنىڭ ئۇدۇملۇق خۇسۇسىيىتى

« ئۇدۇم » قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئەنئەنە، قائىدە، ئىرسىيەت دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بۇنىڭدىكى قائىدە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى كۆرسەتسە، ئىرسىيەت ئادەمنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەشتىن باشقا، ئادەمنىڭ خۇي - مىجەزىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇدۇم ئادەم ( مىللەت ) نىڭ خۇي - مىجەزى ئالدىنقىلارنىڭ خۇي - مىجەزىگە تارتىدىغانلىقىنى، ئالدىنقىلارنىڭ مەلۇم خۇلق - مىجەزى كېيىنكىلەردە ئەينەن ياكى قىسمەن داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئادەم ( مىللەت ) دىكى مەلۇم تىپىك خاراكتېر، خۇي - مىجەزنىڭ ئاتا - ئانا، بوۋا - موما، جەملىدىن قانداش تۇغقانلارنىڭ خۇي - مىجەزىنىڭ قان ۋە قانداشلىق ئىرسىيىتى ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە سىڭىشىلىك ھالدا ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئادەم پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان ئامىللاردىن قارىغاندا، ئۇدۇمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. « ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغان » ، « بوۋىسىنىڭ خۇيىنى دورىغان » ، « ئاتىسىدىن ئۇدۇم قالغان » دېگەن سۆزلەردە،

مەلۇم تىپىك خۇي - مىجەزنىڭ
ئاتا - بوۋا ( ئەجداد ) نىڭ مەلۇم تىپىك خۇي - مىجەزىنى بالىلارغا قان ئارقىلىق ئۆتىدىغانلىقىدىن باشقا يەنە، ئالدىنقىلارنىڭ مەلۇم تىپىك خۇي - مىجەزىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش تەربىيىلەش بىلەنمۇ كېيىنكىلەرگە قالىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. خۇي - مىجەزنىڭ قان ئارقىلىق ياكى ئۈلگە ( تەربىيە ) بىلەن بالىلارغا ئۆتىدىغانلىقىنى ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا بايقاپ، ئۇنى « سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ » دەپ يەكۈنلىگەن.

خۇي - مىجەز ئىرسىيەتلىك بولىدۇ. ئۇ ئاتا - ئانا قانداش تۇغقانلاردىكى مەلۇم بىر خىل كېسەللىكنىڭ بالىلارنىڭ بەزىسىدە ئىرسىيەتلىك داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر خىل كېسەللىك — ئەقلىي كەمتۈكلۈك ياكى غەيرىي نورماللىق بولسا ئۇ، قان تىپى ئوخشاش بالىلارنىڭ بىر ( بەزى ھاللاردا بىر نەچچىسى ) دە چوقۇم قايتا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بوۋىلار ۋە ياكى جەمەت ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل كېسەللىك قانداش ئەۋلادلارنىڭ بىرەرسىدە قايتا كۆرۈلىدۇ. تىببىي ئىلىمدە مەلۇم بىر جەمەتنىڭ قېنىدا مەلۇم بىر خىل كېسەللىك بولسا، بۇ كېسەللىك شۇ جەمەتتىكى ھەممە ئەۋلادلاردا كۆرۈلمەي، مەلۇم بىرسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولسىمۇ ھامان قايتا كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئىبارەت فىزىئولوگىيىلىك ئىرسىيەت قانۇنىيەتنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان.

فىزىئولوگىيىلىك ئىرسىيەتكە ئوخشاشلا قانداش جەمەت ئىچىدىكى مەلۇم بىرسىنىڭ مەلۇم تىپىك خۇي - مىجەزى قان ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە ئۆتىدۇ. ئاتا ياكى ئانىدا مىجەزى چۇسلۇق ئۇرۇشقاقلىق بولسا، بالىدا ( بالىلارنىڭ بىرەرسىدە ) شۇنداق مىجە

بولىدۇ؛ ئاتا ياكى ئانىدا كەمسۆزلۈك، ئېغىر - بېسىقلىق بولسا، بالىدىمۇ شۇ خىل مىجەز ئورۇن ئالغان بولىدۇ (بۇ يەردە قان تىپى رول ئوينىشىمۇ، رول ئوينىماسلىقىمۇ مۇمكىن). ئەگەر ئاتا ياكى ئانىدا ماختانچاقلىق، قولى ئەگرىلىك، ھىيلە - مىكىرلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ بىرى بولسا، بالىلارنىڭ بەزىسى بۇ خۇي - مىجەزگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇنى خۇددى ئاتا - ئانا يۇرتۋاز بولسا بەزى پەرزەنتلىرى يۇرتۋاز، ئاتا - ئانىسى ھاياسىز بولسا بەزى پەرزەنتلىرىمۇ ھاياسىز بولۇپ يېتىلگەندەك ئەھۋاللاردىن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

ئادەمدىكى مەلۇم بىر خىل خۇينىڭ شەكىللىنىشىدە ئىرسىيەتنىڭ ئۇدۇملۇق ئىپادىسى مۇنداق بولىدۇ: ئاتا ياكى ئانىنىڭ بىرسىدىكى مەلۇم بىر خىل خۇي - مىجەز قان ئارقىلىق بالىغا ئۆتۈپ بالىدا ئاتىغا ياكى ئانىغا تارتقان بىر خىل پىسخىك ئۇدۇم بارلىققا كېلىدۇ. ئادەتتە ئاتا بىلەن ئانىنىڭ خۇي - مىجەزىدىكى تىپىكلىككە ئايلانغان پىسخىك ئامىللار ئوخشاش بولمايدۇ. بالىغا قايسىسىنىڭ تىپىك خۇي - مىجەزى ئۆتكەن بولسا، شۇ خىل خۇي - مىجەز ۋارىسلىق ئورنىغا ئۆتۈپ بالىدا ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە بالىدا ئاتا - ئانىنىڭ خۇيىغا ئوخشىمايدىغان، تۇغقانلىرى، ئەجدادلىرى ئىچىدىكى بىرەرسىنىڭ ئۆزگىچە خۇي - مىجەزىگە تارتىشتەك ھادىسىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئىرسىيەتلىك خۇي - مىجەزنىڭ ئۇدۇملۇق داۋاملىشىشى بەزىلەردە روشەن بولسا، بەزىلەردە سۇس ياكى تۇراقلاشمىغان بولىدۇ. مانا مۇشۇ خىلدىكى خۇي - مىجەز، خاراكتېرلىك ئادەملەردە كۆپىنچە ئاتا - ئانىنىڭ بىرسىدىن ياكى ھەر ئىككىلىسىدىن ئۆلگە ئېلىپ شەكىللەنگەن بىر ياكى بىر نەچچە

خىل خۇيلار ( بۇ خۇيلار بىر - بىرىگە زىت بولۇشىمۇ مۇمكىن ) شەكىللىنىدۇ. بۇنداق پىسخىك ئۇدۇملار دائىم بىرلا ۋاقىت ئىپادىلەنمەيدۇ. ئادەتتە بىر خىل تىپىك پىسخىك خاراكتېر ئىپادىلەنسە، مەلۇم ماكان، زامان ياكى مەلۇم ئەھۋالنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدىغان پىسخىك ئۇدۇملارمۇ ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

ئىرسىيەت بىلەن ئۇدۇم پىسخىكىدا بىرلا مەنىنى ئۇقتۇرىدىغاندەك تۇرسىمۇ ئەمەلىيەتتە مەلۇم پەرقى بار. ئىرسىيەتلىك خۇي - مىجەزنىڭ قان ئارقىلىق ئاتا - ئانىدىن بالىغا ئۆتۈپ داۋاملىشىدىغانلىقى بىر خىل ھالەت بولسا؛ مەلۇم خۇي - مىجەزنىڭ قانداش ئەجدادلاردىكى بىرەر سىنىڭ تىپىك خۇي - مىجەزىنىڭ قانداشلىق ئۇدۇمى بىلەن ھەم باشقا قانداش ئەۋلادلاردىن ئۆلگە ئېلىنىپ ۋارىسلىق ئورنىغا ئۆتۈپ كۆرۈلىدىغانلىقى يەنە بىر خىل ھالەتتۇر. بۇنىڭدىن پىسخىك ئۇدۇمنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتى، ھەم ئىرسىيەتلىك، ھەم قانداشلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

قان تىپىنىڭ ئادەمدە مەلۇم خۇي ۋە پىسخىك ئۇدۇمنى شەكىللەندۈرۈش رولى بولىدۇ. تۆت خىل قان تىپىنىڭ ھەر بىرسى مەزكۇر قان تىپىدىكى ئادەم پىسخىكىسىنىڭ مەلۇم تىپ خاراكتېرىدە شەكىللىنىشكە قاتنىشىدۇ. بىراق ئۇنىڭ پىسخىك ھالەت شەكىللەندۈرۈش كۈچى ئانچە كۈچلۈك بولمايدۇ. ئادەمنىڭ قان تىپى بىلەن تۇغۇلغان ئاي، كۈننىڭ مەلۇم بىر خىلدىكى ئوخشاش پىسخىك ئۇدۇمنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى تېخى بە تېپىشماق.

ياپونىيە پسىخولوگلىرى مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر خىل خۇي - مىجەزنى يارىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان ئېيىم، تىپىك خۇي - خۇلقىم ۋە قىسمەتلىرىمنى ياپونىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمدا بۇ يەكۈن پۈتۈنلەي توغرا چىقتى. بۇ يەردە يەنە بىر ئامىلنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. ئاتامنىڭ تۇغۇلغان ئېيى، ئاكامنىڭ تۇغۇلغان ئاي، كۈنى بىلەن مېنىڭ تۇغۇلغان ئاي، كۈنۈم ئوخشاش چىقتى. ئاتامنىڭ كەمسۆز، چىداملىق، تىرىشچان خۇي - مىجەزى ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى ماڭا پىسخىك ئۇدۇم بولۇپ قالغانلىقى، ئاكامنىڭ بىرمۇنچە مىجەزلىرىنىڭمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى بىر تەرەپتىن ئىرسىيەت ئامىلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قان تىپى بىلەن تۇغۇلغان ئاي، كۈنىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە بىر خىل خۇي، ئۇدۇمنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مانا بۇ خۇي - مىجەزنىڭ ئىرسىيەتلىك، ئۇدۇملۇق بولىدىغانلىقىنىڭ بىر سىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئۇدۇملۇق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۆزگە باقمىغان ھالدا تاللىنىشى (قوبۇل قىلىنىشى) ۋە ۋارىسلىق قىلىنىشى پسىخىكىنىڭ مۇرەككەپ ھەم ھەر خىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى ۋە پسىخىك ئۇدۇمىدا بەزى ئوخشاشلىقلارمۇ، يەنە بەزى ئوخشاشماسلىقلارمۇ، ھەتتا قارىمۇ قارشى ھالەتلەرمۇ بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا پسىخىك ئۇدۇممۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ ھەمدە ھەر خىل خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

پسخىك ئۇدۇمنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىگە ئاساسلانغان
ئۇ، ئىرسىيەتلىك ئۇدۇم، قان تىپى ئۇدۇمى، تەقلىد (ئۆلگە
ئۇدۇمى، تەربىيە ئۇدۇمى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. ئىپادىلىنىش
شەكلىگە ئاساسەن ئادەت ئۇدۇمى، ئەخلاق ئۇدۇمى، كەسىپ
ئۇدۇمى، دوراش ئۇدۇمى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. خاراكتېرى
بويىچە دۇرۇس ئۇدۇم ۋە ناچار ئۇدۇمغا ئايرىلىدۇ.

پسخىك ئۇدۇم ئۈستىدە توختالغاندا شۇنى ئەسكەرتىش
ھاجەتكى، ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مائارىپ فۇنكسىيىسىنىڭ ئادەم
پسخىكىسى ۋە پسخىك ئۇدۇمىنى يېتەكلەش، ئۆزگەرتىش رولى
بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مائارىپ فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت
بۇ ئىككى ئامىل تۇراقلاشمىغان پسخىك ئۇدۇم ۋە تەقلىدىي
پسخىك ئۇدۇمنى مەلۇم شارائىت ئاستىدا مەلۇم دەرىجىدە
ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىت
ياكى مائارىپ فۇنكسىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئىلگىرىكى پسخىك ئۇدۇم
ياكى ئىرسىيەتلىك پسخىكىدىن ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئۆزىنى
ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭسىز ئىجتىمائىي
مۇھىت ياكى مائارىپنىڭ رولى ئىشقا ئاشمايدۇ. ئېنىقكى ئىلغار
ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئىلغار مائارىپ فۇنكسىيىسىنىڭ تەسىرىدە
ئەسلى پسخىكىسىدا دۇرۇس پسخىك ئامىللار بولغانلارنىڭ
پسخىكىسى ۋە پسخىك ئۇدۇمى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئاجىزلىرى
مۇقىملىشىدۇ. ناچار ئىجتىمائىي مۇھىت ئاستىدا ناچار پسخىك
ئۇدۇملۇقلار جانلىنىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي
مۇھىت ئالغا سۈرىدىغان پسخىك ئۇدۇم ئادەمنىڭ ئەسلى پسخىك
خاراكتېرى (تەبىئىتى) گە ماس كەلسە قوبۇل قىلىنىدۇ. ماس
كەلمىسە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىجتىمائىي بېسىم ئاستىدا تۇرغاندا

ئۇنى قوبۇل قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ ياكى مەلۇم مەزگىل ئەسلى پىسخىك ھالىتى ۋە پسىخىك ئۇدۇمنى ئىپادىلىمەيدۇ. دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە ئۇنداق ئادەملەرنىڭ پسىخىك ھالىتى ۋە پسىخىك ئۇدۇمىدىن ئىجتىمائىي ئورنى، سۈپىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى (قالىپقى) غا تەتۈر تاناسىپلىق ئىپادىلەرنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. ناچار پسىخىك ئۇدۇملۇق ئادەملەر ئۆزىنىڭ پسىخىك ئۇدۇمىنى قانچىلىك ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرسىمۇ، ئەسلى پسىخىك ئۇدۇمى ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

ئومۇمەن، مەلۇم بىر خىل پسىخىك ئۇدۇم ئادەمنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ بارلىق پسىخىك ئامىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ستىخىيىلىك يوسۇندا قاتنىشىدۇ. دۇرۇس پسىخىك ئۇدۇم ئادەمنى دۇرۇس خۇي - مىجەزگە، خۇلقتا ۋە دۇرۇس تاللاشقا ئىگە قىلسا، ناچار پسىخىك ئۇدۇم ئادەمنىڭ ھەر خىل ئىللەتلەرنى سادىر قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. دۇرۇس پسىخىك ئۇدۇملۇقلار جەمئىيەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرسە، ناچار پسىخىك ئۇدۇملۇقلار ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزۇپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى كۆپەيتىپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى تۆۋەنلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك ئۇدۇم ھالىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ. مىللەت ئەزالىرىدا دۇرۇس پسىخىك ئۇدۇممۇ، ناچار پسىخىك ئۇدۇممۇ بار. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تىپلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق، بەزى تىپلىرى مىللەتنىڭ پسىخىك خاسلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇلارنى مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئومۇمىي ھالىتىدىن تېپىش مۇمكىن.

# 3 . پسىخىك خاسلىق

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر شەيئى ( ماددا ) نىڭ ئۆز مۇناسىپ شەكىل خاسلىقى ، سۈپەت خاسلىقى ھەم تەرەققىي خاسلىقى بولىدۇ . جۈملىدىن ئادەم ۋە ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان مىللەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەلۇم پسىخىك خاسلىقى بولىدۇ .

پسىخىك خاسلىق — ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ، مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ خۇي - مىجەزىدىكى خاسلىق ( تىپىكلىك ) ئايلانغان پسىخىكىسىنى ئىپچىل بىرىدىغان پسىخىك تۈر . ئۇ ئادەم مىللەتنىڭ بارلىق ئاڭ پائالىيەتلىرىدە سىتىخىيىلىك رول ئوينا كېلىۋاتقان پسىخىك ئامىل . بىراق بىز پسىخىك خاسلى ئېتىبارسىز قاراپ ، ئىلغار ( پايدىلىق ) پسىخىك خاسلىق بىلەر ناچار پسىخىك خاسلىقنى پەرقلەندۈرۈشكە ، ناچار پسىخىك خاسلىقنى تونۇپ تۈزىتىشكە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدۇق . شۇنى بىلەن مىللەتنىڭ پسىخىك خاسلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن بەز پسىخىك ئاجىزلىقلار ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ ئەۋلادلارغا ئىرسىيە ئۇدۇم ئارقىلىق ئۆتۈپ ، بارغانسېرى كېڭىيىپ ، شاخلاپ بارد بەزى پسىخىك ئاجىزلىقلار ئۇدۇم بولۇپ داۋام قىلىپ ، مىللەت مەنىۋى ، ماددىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە توسالغۇ بولۇش رول ئوينىدى . شۇ سەۋەبلىك پسىخىك خاسلىقنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەر بىر ئادەم، مىللەتنىڭ پسىخىك خاسلىقى بولىدۇ. بۇ پسىخىك خاسلىقلار ئادەم، مىللەتنىڭ پسىخىك ئامىللىرىنى يېتىلدۈرۈشكە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ مەلۇم بىر خىل ھالەتتە شەكىللىنىشىگە ئاساس سالىدۇ ھەم يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

پسىخىك خاسلىقنى ئادەمدىكى پسىخىك خاسلىق ۋە مىللەت پسىخىك خاسلىقى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

## 1) ئادەمدىكى پسىخىك خاسلىق

ئادەمدىكى پسىخىك خاسلىق — ئادەمنىڭ ئومۇمىي پسىخىك قۇرۇلمىسىدىكى تىپىك خۇي - مىجەز بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ باشقا پسىخىك ھالەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتە يادرولۇق رول ئوينايدۇ. ئادەمدىكى پسىخىك خاسلىق ئادەم ئومۇمىي پسىخىك قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ماسلىشىپ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ تەدرىجىي شەكىللىنىشكە ۋە روشەنلىشىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ستىخىيىلىك تاللاش ۋە تۇراقلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ، بىرى — بالىغا قانداشلىق (ئاتا - ئانىنىڭ بىرىنىڭ ياكى قانداش تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنىڭ پسىخىك خاسلىقى ئىرسىي ھالدا ئۆتۈش) ئۆتۈش؛ بىرى — ئاتا - ئانىنىڭ ئۈلگىسى، تەربىيىسى بىلەن ئۆتۈش؛ يەنە بىرى — ئىجتىمائىي تەسىرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن ئۆتۈش قاتارلىق ئۈچ خىل ھالەتنىڭ بىرىنى تاللاش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىدا مەلۇم بىر خىل پسىخىك خاسلىق ستىخىيىلىك ھالدا شەكىللىنىپ تۇراقلىشىشقا باشلايدۇ. ئايرىم ئەھۋالدا بەزىلەردە ھەم ئىرسىيەتلىك ھالدا ئۆتكەن پسىخىك خاسلىق، ھەم ئۈلگە ئارقىلىق

ئۆتكەن پىسخىك خاسلىق تەك تۇراقلىشىپ قېلىشتەك هالەتمۇ كۆرۈلىدۇ . بۇنداق ئادەملەرنىڭ پىسخىك خاسلىقىدا مۇرەككەپلىك بولىدۇ . بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، پىسخىك خاسلىقنىڭ ئادەم پىسخىك قۇرۇلمىسىدا ئورۇن ئېلىش هالىتى ئوخشاش بولمايدۇ . بىر بۆلۈك ئادەملەردىكى پىسخىك خاسلىقنىڭ تاللىنىشى ئىرسىيەتلىك بولسا ، بىر بۆلەكلەردىكى پىسخىك خاسلىقنىڭ تاللىنىشى ئۇدۇم ياكى ئۈلگە ( دوراش ) ئاساسىدىكى پىسخىك تاللاش بولىدۇ . شۇڭا بەزى ئادەملەرنىڭ پىسخىك خاسلىقى ئاتىسىنىڭ مەلۇم پىسخىك خاسلىقىغا ئوخشاش بولسا ، بەزىلەرنىڭ تاغىسىنىڭ ، بوۋىسىنىڭ پىسخىك خاسلىقىغا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن . يەنە بەزىلەر ئىجتىمائىي مۇهىتنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىچە ( ئائىلىسىدىكىلەرگە يات ) پىسخىك خاسلىقنى قوبۇل قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن . ستىخىيىلىك تاللاشتىن ئۆتكەن بىر نەچچە خىل پىسخىك خاسلىق ئادەمنىڭ كېيىنكى تۇراقلاشقان پىسخىك خاسلىقى بولىدۇ . ئۇ ئادەمنىڭ ئومۇمىي پىسخىك قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەپ ، ئادەمنىڭ بارلىق پىسخىك پائالىيەتلىرىدە مۇهىم رول ئوينايدۇ ، شۇنداقلا ئۇ بىر قانچە خىل تارماق پىسخىك خاسلىقلارنى ۋە پىسخىك ئامىللارنى شەكىللەندۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ .

ئادەمنىڭ پىسخىك خاسلىقى ئىش - ئەمگەك پىسخىك خاسلىقى ؛ تۇرمۇش ئادىتى ، تۇرمۇش ئۇدۇمى پىسخىك خاسلىقى ، ئەخلاق پىسخىك خاسلىقى ؛ نىكاھ ، ئائىلە پىسخىك خاسلىقى ؛ ئۈلگە ئېلىش ( دوراش ) پىسخىك خاسلىقى ؛ باشقۇرۇش ، بويسۇنۇش پىسخىك خاسلىقى ؛ ئېتىقاد ، غايە پىسخىك خاسلىقى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ ھەمدە شۇ تۈرلەردە ئىپادىلىنىدۇ .

## 2 ) مىللەت پسىخىك خاسلىقى

مىللەت پسىخىك خاسلىقى — مىللەتنى تەشكىل قىلغان بارلىق ئەزالارنىڭ ئىگە ۋە پسىخىكىسىدا ئورتاق شەكىللەنگەن (ساقلانغان) ھەم ۋارىسلىق قىلىنىۋاتقان پسىخىك ئالاھىدىلىك. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مىللەت پسىخىك خاسلىقى مىللەتنى ھاسىل قىلغان ئىلگىرىكى قەبىلە - قەۋملەرنىڭ يەككە پسىخىك خاسلىقى، شۇنداقلا ئاشۇ قەبىلە - قەۋملەردىكى شەخسلەرنىڭ پسىخىك خاسلىقىنىڭ يىغىندىسى.

ھەر بىر ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەۋملەرنىڭ ئورتاقلىقتا ئايلانغان بىر ياكى بىر نەچچە پسىخىك خاسلىقى بولىدۇ. قەبىلە - قەۋملەر تەرەققىي قىلىپ بىر مىللەتنى ھاسىل قىلغاندا، ھەر بىر كىچىك توپتىكى پسىخىك خاسلىقلار تەبىئىي ھالدا بىرىكىپ چوڭ توپ — مىللەتنىڭ پسىخىك خاسلىقىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك مىللەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىشىدىغان ھەم ئوخشاشمايدىغان، ھەتتا بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان پسىخىك خاسلىق ۋە ئۇدۇملار پەيدا بولغان، مىللەتنىڭ پسىخىك خاسلىقى بىر قەدەر مۇرەككەپ ھالەت ۋە ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ.

مىللەت پسىخىك خاسلىقىنىڭ خاراكتېرى ئىشلەپچىقىرىش پسىخىك خاسلىقى، ۋارىسلىق قىلىش پسىخىك خاسلىقى، مەدەنىيەت - سەنئەت پسىخىك خاسلىقى، ئۇدۇم - ئەنئەنە پسىخىك خاسلىقى، ئۆيۈشۈشچانلىق پسىخىك خاسلىقى ۋە ئېتىقاد، غايە ئورتاقلىقى پسىخىك خاسلىقى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەم ، مىللەت ئايرىمىلىقىدىكى پسىخىك خاسلىقلا
مەزمۇن جەھەتتىن خاس پسىخىك ئارتۇقچىلىق ۋە خاس پسىخ
ئاجىزلىق دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ . بەزى تۈر
پەقەت خاس پسىخىك ئارتۇقچىلىقلا تەۋە بولۇشتىن ، بە
تۈرلەر تولۇق خاس پسىخىك ئاجىزلىققا ئايلىنىپ كەتكەن پسىخ
خاسلىق بولۇشتىن خالىي بولالمايدۇ . يەنە بەزى تۈرلەردى
پسىخىك خاسلىقنىڭ مەزمۇنىدا خاس پسىخىك ئارتۇقچىل
ئامىللىرىمۇ ، خاس پسىخىك ئاجىزلىق ئامىللىرىمۇ بار بول
بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بۇ خىل پسىخىك خاسلىقلا
مەلۇم ماكان ، زاماندا ئۆزگىرىش ياسايدۇ ؛ بەزى ئامىل
ئەسلىدىكى ھالىتىدىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ چوڭقۇرلىشى
ياكى ئاجىزلىنىشى بارىدۇ ، شۇنداقلا يېڭى پسىخىك خاسلىقلا
پەيدا بولۇش ياكى ئىلگىرىكى پسىخىك خاسلىقلار قوبۇل قىلىنى
ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ .

مىللەتتە ئورتاقلىققا ئايلانغان ياكى ئۈستۈنلۈك
ئىگىلىگەن بىر نەچچە خىل پسىخىك خاسلىق مىللەتنىڭ
ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەنىۋى ، ماددىي ئاسا
سىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەش رولىنى
ئوينايدۇ . ئىلغار پسىخىك خاسلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى
گۈللەندۈرۈپ ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۈكسەلدۈرىدۇ ؛ ناچا
پسىخىك خاسلىق مىللەتنى نادانلىق ، قالاقلىققا ئىتتىرىش بىلە
بىرگە يۇرتۋازلىق ، ھەسەتخورلۇق ، تەمەخورلۇق ، دورامچىلىق ۋ
ئاداۋەتخورلۇق قاتارلىق پسىخىك ئاجىزلىقلارنى پسىخىك خاسلىق
قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇشقا يول ئېچىپ بېرىدۇ .

« كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى » دىكى : « تويغان ۋاقتىڭلار دا

ئاچ قالدىغانلىقىگىلارنى ئويلىمايسىلەر » دېگەن سۆز ـ ئىبارىلەردە بىرىزدىكى قانائەتچانلىق پىسخىكىسى ؛ « ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ھەر تەرەپكە پېتراپ كەتتىڭلار » دېگەن ئىبارىلەردە « ئۆزگە بويسۇنماي ، ئۆزگىگە بويسۇنۇش » پىسخىكىسى ناھايىتى ئوبزارلىق ئېچىپ بېرىلگەن .

ھازىر بىزدىكى پىسخىك خاسلىقلار ( خاس پىسخىك ئاجىزلىقلار ) دىن قۇلىقىغا غەيرىي ئىشتىلگەن سۆزنى ھەق بىلىش ( قىلما دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلىش ) ؛ ئەتىدىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىش ؛ ئۆزگە رەھىمسىز ، ئۆزگىگە رەھىمدىل بولۇش ؛ ئۆزى قىلماسلىق ( قىلالماسلىق ) لېكىن قىلغاننى كۆرەلمەسلىك ؛ غىرىچقا چىدىماي ، غولاچنى كەتكۈزۈپ قويۇش ؛ ئىقتىسادنى تىقىپ ساقلاش ، تامغا چاپلاش ، داغۋازلىققا ئىشلىتىپ بۇزۇپ ـ چېچىش ( بالا كىتابقا پۇل دېسە تاياق ئېلىپ قوغلاش ) ؛ ماڭلىيىغا مەسچىت توپىسىنى سۈركەپ چىقىپ ، خىلاپەت ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ .

# 4. باشقۇرۇش ۋە بويسۇنۇش پسىخىكىسى

XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىر
باشقۇرۇش پسىخىكىسى «باشقۇرۇش ئىلمى»
بارلىققا كەلگەن يۇمشاق پەن بولۇپ، تەرەققىي قىلغا
تەۋە بىر خىل ئەمەلىي تەتقىقات تۈردۇر. ... ھەر ساھە باشقۇرۇ
دۆلەتلەردە بۇ تېما ئۈستىدىكى تەتقىقات
تارماقلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇش پسىخىكىسى
تەتبىقلانغان.

پەن - مەدەنىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقا
بۈگۈنكى كۈندە، تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەت
مىللەت تەبىئىي ھالدا مائارىپ، پەن - تېخنىكا ھەم كارخ
باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە ئىلغارلاشتۇرۇ
ئۆتكىلىگە دۇچ كېلىدۇ. مىللەت ۋە مىللەت ئەزالىرى ئۆزىدىن
باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى ئىلغارلاشتۇرۇش قەدىمىنى باسقاند
باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى
يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئۆز روھىيىتىدىكى
ئىللەتلەر ۋە روھىي ئاجىزلىقلاردىن قۇتۇلالماي ئاخىرىدا تەبى
شاللىنىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالىدۇ.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىزدە روھىيىتىمىزدىكى
ئىللەتلەرنى ئاچقان ماقالە، ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپ، باھار شامىلى
يۈزىمىزگە سوغۇق تەگكەندەك بولدى، راستىنى ئېيتسا
كۆپلىگەن قەلبلەرنى لەرزىگە سالدى. مەن بۇ تېمىنى ئاش

ئاجىزلىقلىرىمىز ئىچىدىكى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بىر تەرەپ دەپ قاراپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالدىم.

### 1) باشقۇرۇش پسىخىكىسى

باشقۇرۇش پسىخىكىسى — ئادەم (ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك، ئەمەلدار - پۇقرا) نىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدا شەكىللەنگەن، مەلۇم ئوبيېكت (ئادەم) نى باشقۇرۇشتىكى بىر خىل ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر خىل تىپىك خۇسۇسىيەتتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىدۇ، ئاددىيلىقتىن مۇكەممەللىككە، تۇراقسىزلىقتىن تۇراقلىششقا يۈزلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر ئادەمدە بىر خىل باشقۇرۇش پسىخىكىسى (بىر خىل بويسۇنۇش پسىخىكىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) بولىدۇ.

(1) باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللار

باشقۇرۇش پسىخىكىسى يەككە - يىگانە مەۋجۇدىيەت ئەمەس. ئادەمدە بىر خىل باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، شۇ ئادەمنىڭ پسىخىك ھالىتى — ئىرسىيەتلىك خۇي - مىجەزى، پسىخىك ئۇدۇمى، مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەسىر قاتارلىقلار بىرىكىپ رول ئوينايدۇ.

ئاتا - ئانىنىڭ پسىخىكىسىدىكى بىر خىل خاراكتېردە تۇراقلاشقان خۇي - مىجەز پەرزەنتلىرىگە قان ئارقىلىق ئۆتكەن بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى فىزوپسىخولوگلار ئىسپاتلاپ چىققان. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ خىل ئىرسىيەتلىك پسىخىك داۋاملىششچانلىقنى ئاسانلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئاتا - ئانا، بوۋا - موما، تاغا - ھامىمىنىڭ بىرەرسىدىكى تىپىك خۇي - مىجەز بالىلارنىڭ

بىرەرسىدە قايتا كۆرۈلىدۇ. بىر خىل خۇي – مىجەزىنىڭ ئاتا – ئانىنىڭ قېنى ئارقىلىق بالىغا ئۆتۈشى شۇ خىل خۇي – مىجەزىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا – ئانىنىڭ تىپىك خۇي – مىجەزى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ستىخىيىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەربىيىسى ئۇدۇم سۈپىتىدە سىڭىپ داۋام قىلىدۇ. بۇندا ئىچكى – تاشقى سەۋەبلەر ئادەمدە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بىر خىل خۇي – مىجەز تىپىنى، بىر خىل پسىخىك خاراكتېرنى، شۇنىڭدەك بىر خىل ئەخلاقنى ۋە نىيەت ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئادەمدە يېتىلگەن بىر خىل ئەخلاق تىپى باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە قىلىشقا قاتنىشىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەخلاق ئادەمنىڭ خۇي – مىجەزىدىن مۇستەقىل تۇرىدىغان ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىم شەكىللىنىدىغان ئامىل ئەمەس، ئىرسىيەت ۋە ئائىلە ئۇدۇمى، يۇرت ئۇدۇمىدىن كەلگەن خۇي – مىجەز پەرقى بىر خىل ئەخلاق تىپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەخلاق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئاچقۇچلۇق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نىيەت — ئادەمنىڭ خۇي – مىجەزى، ئائىلە ئۇدۇمى ۋە ئەخلاقىنىڭ تۈرتكىسىدە مەلۇم «نىشان» نى كۆزلەشتىن بارلىققا كېلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە خۇي – مىجەزىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ ئادەمدىكى «تاللاش» ۋە «ئىنكاس» نىڭ مەقسەتكە ئايلانغان شەكلى. نىيەت — ئادەم پسىخىكىسىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن ئامىل. ئادەتتە ئۇ بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ سۆز – ھەرىكىتىدە ئاشكارا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ سۆز – ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ ياخشى نىيەتلىك ياكى يامان نىيەتلىك، قارا نىيەتلىك

ئادەملىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ . نىيەت ھەر بىر ئادەمدە ئوخشاشمىغان خاراكتېردە پەيدا بولىدۇ ؛ بەزى ھاللاردا ئادەمدىكى بىر خىل ئارزۇ ، نىشان ئىنتىلىشى ئادەمنىڭ خۇي - مىجەزىدە باشقىچە ئۆزگىرىشلەرنى ياسىشى مۇمكىن . يەنە بىر خىل نىشان ئىنتىلىشى بىر ئادەمنىڭ ئەسلى پىسخىكىسى ، ئۇدۇمى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەلىپىدىن كەلگەن خۇي - مىجەزىگە ئوخشاشمايدىغان خۇي - مىجەزنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەھۋالمۇ يۈز بېرىدۇ . بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ . بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئادەمدىكى نىيەت ئاملى ئادەم پىسخىكىسىدا روشەن بولمىغان پىسخىك ئامىللارنى روشەنلەشتۈرۈشى ، تۇرغۇنلاشمىغان پىسخىك ئامىللارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشى ، بەزىدە ئەسلى بار بولغان بىر خىل خۇي - مىجەزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشى مۇمكىن . شۇڭا ئادەمنىڭ نىيىتى ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پىسخىكىسىدا مۇھىم رول ئويناپ ، بىر خىل باشقۇرۇش پىسخىكىسىنى كۈچەيتىدۇ ياكى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ .

بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ باشقۇرۇش پىسخىكىسىدىكى ئورنى ۋە رولى بەكمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ . بىلىم قۇرۇلمىسىغا قاراپ بىر ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پىسخىكىسىغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ . بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە ئاساس بار : ئوقۇمىغان ئادەم بىلەن ئوقۇغان ئادەم ، بىلىمسىز بىلەن بىلىملىك ، ئاقىل بىلەن نادان ، بىلىمى يۇقىرى بولسىمۇ تاللىشى ئوخشاش بولمىغان ئادەم ئوتتۇرىسىدا بەزىدە تەتۈر تاناسىپلىق پەرقلەر كۆرۈلىدۇ . مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ، ئەمما ئائىلە تەربىيىسى بىر قەدەر ياخشى ، تاللىشى ئىلغارراق بولغان ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پىسخىكىسى بىلىمى يۇقىرى بولسىمۇ ، نىيىتى ۋە ئەخلاقى دۇرۇس بولمىغان ئادەمنىڭ

ئادەملىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. نىيەت ھەر بىر ئادەمدە ئوخشاشمىغان خاراكتېردە پەيدا بولىدۇ؛ بەزى ھاللاردا ئادەمدىكى بىر خىل ئارزۇ، نىشان ئىنتىلىشى ئادەمنىڭ خۇي - مىجەزىدە باشقىچە ئۆزگىرىشلەرنى ياساشى مۇمكىن. يەنە بىر خىل نىشان ئىنتىلىشى بىر ئادەمنىڭ ئەسلى پسىخىكىسى، ئۇدۇمى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەلەپپىدىن كەلگەن خۇي - مىجەزىگە ئوخشاشمايدىغان خۇي - مىجەزنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەھۋالمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ساندا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئادەمدىكى نىيەت ئاملى ئادەم پسىخىكىسىدا روشەن بولمىغان پسىخىك ئامىللارنى روشەنلەشتۈرۈشى، تۇرغۇنلاشمىغان پسىخىك ئامىللارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشى، بەزىدە ئەسلى بار بولغان بىر خىل خۇي - مىجەزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. شۇڭا ئادەمنىڭ نىيىتى ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پسىخىكىسىدا مۇھىم رول ئويناپ، بىر خىل باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى كۈچەيتىدۇ ياكى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ باشقۇرۇش پسىخىكىسىدىكى ئورنى ۋە رولى بەكمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسىغا قاراپ بىر ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە ئاساس بار: ئوقۇمىغان ئادەم بىلەن ئوقۇغان ئادەم، بىلىمسىز بىلەن بىلىملىك، ئاقىل بىلەن نادان، بىلىمى يۇقىرى بولسىمۇ تاللىشى ئوخشاش بولمىغان ئادەم ئوتتۇرىسىدا بەزىدە تەتۈر تاناسىپلىق پەرقلەر كۆرۈلىدۇ. مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئەمما ئائىلە تەربىيىسى بىر قەدەر ياخشى، تاللىشى ئىلغارراق بولغان ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پسىخىكىسى بىلىمى يۇقىرى بولسىمۇ، نىيىتى ۋە ئەخلاقى دۇرۇس بولمىغان ئادەمنىڭ

باشقۇرۇش پسىخىكىسىدىن ئىلغار بولىدىغانلىقى ، ب

ناچار بولمايدىغانلىقى ئېنىق .

بىر خىل ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مائارىپ فۇنكسىيىس
باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ تۇراقلىشىشىغا مەلۇم دەرىجى
قاتنىشىدۇ ياكى تەسىر كۆرسىتىدۇ . ناچار ئىجتىمائىي مۇھ
كىشىلەرنىڭ پسىخىك تىپىغا ماس كەلسە ، ئۇ ئادەمدە ئا
پسىخىك ئامىل كۈچىيىدۇ ، شۇنداقلا باشقۇرۇش پسىخىكىسى
ئىجتىمائىي خاراكتېرىگە ماس ئىپادىلىنىپ چىقىشىغا تۈرت
بولىدۇ . بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مائارىپ فۇنكسىيىسى ياك
ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بېقىنمايدىغان تەلىم تەربىيە ياش
ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىنى مەلۇم دەرىجىدە « يېڭ
تاللاش » قا ئىگە قىلىدۇ . لېكىن ھەر بىر ئادەمنىڭ « تاللاش
ئوبيېكتى بىر خىل ئىجتىمائىي مۇھىت ئاستىدىمۇ ھەر خىل بولىدۇ
ئەگەر مەلۇم بىر ئادەمدە ئىرسىيەتلىك ، ئۇدۇم ھالىتىدىكى خۇي
مىجەز تىپى تۇراقلىشىپ بولغان بولسا ، ئۇنىڭغا ئىجتىمائ
مۇھىتنىڭ تەسىرى ، مائارىپنىڭ پسىخىك تەسىرچانلىقى چوڭ ر
ئوينىمايدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، خۇي - مىجەزىگە ما
كەلسە تەسىرنى قوبۇل قىلىدۇ ، ماس كەلمىسە قوبۇل قىلمايدۇ
بەلكى ، مەلۇم مەزگىل قوبۇل قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، كېي
ئەسلى ئىرسىيىتى ، ئۇدۇمى ۋە ئەخلاق - نىيىتى بەلگىلىگە
پسىخىك ھالىتىنى ، جۈملىدىن باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى ئوتتۇر
چىقىرىدۇ .

باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە قىلىش
قاتنىشىدىغان يەنە بىر ئامىل — مىللەتنىڭ پسىخىك خاسلىقىدۇر
بىر مىللەتتە شۇ مىللەتكە ئورتاق بىر خىل باشقۇرۇش ( ياك

بويسۇنۇش ) پسخىكىسى بولۇپ شەكىللەنگەن بىر خىل تىپىك خاسلىق بولىدۇ . مىللەتتىكى بۇنداق پسخىك خاسلىق مىللەتنىڭ بىر خىل ئارتۇقچىلىقى ياكى ئاجىزلىقى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئۇ مىللەت قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ( چۆكمە ) بولغاچقا ، ئىرسىيەتلىك داۋاملىشىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ . بەزى مىللەتلەردە ئۇيۇشۇشچانلىق كۈچلۈك بولسا ، بەزى مىللەتتە تارقاقچىلىق ياكى ئىناقسىزلىق ئېغىر بولىدۇ ، بەزىدە يەنە باشقىچە خاسلىقلار بولىدۇ . مانا مۇشۇنداق پسخىك خاسلىق مىللەتنىڭ باشقۇرۇش پسخىكىسىدا ياكى ئىللەت سۈپىتىدە بەرىبىر ئەكس ئېتىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، فېئوداللارنىڭ ئاچكۆزلۈك ، رەھىمسىزلىك ، ئىككى يۈزلىمىلىك ، خوشامەتكۈيلۇق ، تەمەخورلۇق پسخىكىلىرىنىڭ ساقىندا تەسىرى ، بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىدىكى پۇلغا چوقۇنۇش ، ھارامغا ئىشتىياق باغلاشلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىمۇ باشقۇرۇش پسخىكىسىدا مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينايدۇ .

يەنە ، پاسسىپ دىنىي ئەقىدىلەر ( توغرىراقى ھەر خىل دىنلاردىن ھاسىل بولغان ئارىلاشما ئەقىدىلەر ) پەيدا قىلغان روھىي ئاجىزلىق ۋە ئىللەتلەر باشقۇرۇش پسخىكىسىغا ئارىلىشىپ كىرىدۇ . بۇلار قوشۇلۇپ باشقۇرۇش پسخىكىسىنىڭ ھالىتى ۋە ئىپادىسىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ .

باشقۇرۇش پسخىكىسىغا قاتنىشىدىغان ياكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى — پسخىك « تاللاش » ۋە « ئىنكاس » تىن ئىبارەت .

ئادەمدىكى بىر خىل تاللاش بىلەن بىر خىل ئىنكاس

ئۆزگە ماس هالدا بىر خىل باشقۇرۇش پسى... شەكىللەندۇرىدۇ ياكى تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى كۆچەيتىدۇ . شۇ ئىرسىيەتلىك تاللاش ، ئۇدۇملۇق تاللاش ، ئەخلاق ، نىيەت مۇھىت تەسىرىدىن كەلگەن تاللاش قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىر ئارقىلىق شەكىللەنگەن باشقۇرۇش پسىخىكىسى ئادەمدە بەر زىددىيەتلىك باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ . شۇڭا ، بە ئادەملەرنىڭ ھەربىرىدە بىر - بىرىگە زىت باشقۇرۇش ئۇس يۈز بېرىدۇ ، بولۇپمۇ تاللاشتىكى ستىخىيىلىك روھىي ئاجىزلىق باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ ؛ ناد ئادەمنىڭ باشقۇرۇش پسىخىكىسىدا ئۈمىدسىزلىك ، بىپەرۋالىق قاتماللىق ئېغىر بولىدۇ . بۇ خىل روھىي ئاجىزلىقلار باشقۇرۇ پسىخىكىسىنى تاللىشى مۇجمەل ، ئىنكاسى تۇراقسىز قىلىپ قويىد

( 2 ) باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ تۈرلىرى

باشقۇرۇش پسىخىكىسى باشقۇرۇلىدىغان ئوبيېكتقا قار ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى باشقۇرۇش پسىخىكىسى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىنى باشقۇرۇش پسىخىكىسى ، ھۈنەرۋەنن شاگىرت باشقۇرۇش پسىخىكىسى ، زاۋۇت باشلىقى ، كار باشلىقىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچى باشقۇرۇش پسىخىكىسى ئەمەلدارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرۇش پسىخىك قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ . بۇنداق باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ ھال ۋە ئىپادىسى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغاندەك تۇيۇلس ماھىيەتتە بىردەك ( مەنبەداش ) بولىدۇ . پەقەت باشقۇرۇ ئوبيېكتىغا ، باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا قاراپ باشقۇرۇش پسىخىكىس بەزىبىر شەكىل پەرقى ۋە مەزمۇن پەرقى بولىدۇ ، خالاس .

ھەر خىل ئايرىمىلىقتىكى باشقۇرۇش پسىخىكىلىرى ئىچىد

ئاتا - ئانىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنى باشقۇرۇش، مائارىپ فۇنكسىيىسىنىڭ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش ۋە ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئورنىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇش پىسخىكىسىنىڭ رولى چوڭ، تەسىرى كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ بويسۇنغۇچىلارنى يېتەكلەش، ئىشلىتىش، ئۆستۈرۈش، مۇكاپاتلاش - جازالاش پىسخىكىسىنىڭ خاراكتېرى روشەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ شۇ ئورۇن، دائىرىنىڭ ئىش تەرتىپى، خادىملارنىڭ كەيپىياتى، ئىش ئۈنۈمىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ.

باشقۇرۇش پىسخىكىسىنى ئىپادىلىنىش خاراكتېرىگە قاراپ ئىلغار باشقۇرۇش پىسخىكىسى، قالاق باشقۇرۇش پىسخىكىسى، تۇراقسىز باشقۇرۇش پىسخىكىسى قاتارلىق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئىلغار باشقۇرۇش پىسخىكىسى: ئائىلە تەربىيە مۇھىتىدا ياخشى تەربىيە ئالغان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، كۆزى توق، ئىنسابلىق، توغرا سۆزلۈك، مەرد، باشقىلارغا ياخشىلىق تىلەيدىغان، ئىجتىمائىي گۈزەل ئەخلاقتا مايىللاردا؛ گۈزەل ئەخلاقلىق، خۇي - مىجەزى ئوچۇق كىشىلەرنى ئۈلگە قىلغان، بىلىمى (ئىقتىدارى) نى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نىيىتىدىكىلەردە؛ ئىقتىدارلىق، تىرىشچانلارنى قەدىرلەيدىغانلاردا؛ خۇشامەتچى، يالغانچى، ئىقتىدارسىزلارنى پەرق قىلالايدىغانلاردا ياكى يۇقىرىقىلارغا ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەل قىلالايدىغانلاردا تۇراقلاشقان بولىدۇ.

ئىلغار باشقۇرۇش پىسخىكىسى ئىلغار كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ ھەم ئۆز

نۆۋىتىدە مىللەتنىڭ ئومۇمىي پسىخىكىسىدىكى ئەجايىپ ئامىللار
مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ .

قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسى : ئاتا ـ ئانىسىدىن نا
ئەخلاقىي تەربىيە ( ئۈلگە ) ئالغان ، تاللىشىدا پاسسىپلىق ئامىللا
بولغان ، ئىجتىمائىي ناچار ئەخلاقتا مايىل ، بىلىمى يۇق
بولۇشمۇ ، نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلاردا ؛ ۋۇجۇد
شەخسىيەتچىلىك ، نادانلىق ئورنىشىپ كەتكەنلەردە ؛ ھەسەتخو
چېقىمچى ، مەككار ئادەملەرنى ئۆزىگە تايانچ قىلغانلاردا ؛ قوپ
تېرىككەك ، ئالدىراڭغۇ ، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدىغانلارد
يۇرتۋازلىق ، مەزھەبچىلىك ۋە تەمەخورلۇق ھەم ئىقتىدارلىقلا
يول بەرمەسلىك پسىخىكىسىنىڭ بىرەرىگە گىرىپتار بولغانلا
تۇراقلاشقان بولىدۇ . بۇ خىل باشقۇرۇش پسىخىكىسى ئىلغارلا
ئىقتىدارلىقلارنى نابۇت قىلىدۇ ؛ ئىجتىمائىي ئەخلاقتا نا
ئامىللارنى قوشۇپ ، ناچار ئەخلاقنى بازارغا ئىگە قىلىدۇ . شۇنى
بىلەن بىرگە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ، ئەخلاق ساپاسى
يورۇتۇلۇشىغا تۇمان پەيدا قىلىدۇ .

تۇراقسىز باشقۇرۇش پسىخىكىسى : ئالدىنقى ئىككى خ
باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئوخشاش خاراكتېرى ئېنىق بول
پسىخىك ھالەت بولماستىن ، ئۆزىنىڭ بىردە ئازراق ئىلغار
مايىل ، بىردە قالاقلىققا مايىل بولۇشتەك تۇراقسىز ئىپادە ھال
بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان باشقۇرۇش پسىخىكىسى . ئۇنى
شارائىتقا بېقىپ باشقۇرۇش پسىخىكىسى ، سىرتقى ئام
( ئۈچىنچى شەخس ) نىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغا
باشقۇرۇش پسىخىكىسى دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ
باشقۇرغۇچىنىڭ مۇستەقىل ئىش يۈرگۈزەلمەيدىغان ( مۇئەييەن

قاراش، مەيدانى يوق ) خۇسۇسىيىتى باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر خىل ئەھۋالدا، سىرتقى مۇھىت ۋە ئۈچىنچى شەخسنىڭ تەسىرى ( بېسىمى ) ئاستىدا يۈز بېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا باشقۇرۇش پسىخىكىسىدا بەزىدە ئىلغار باشقۇرۇش پسىخىكىسى كۆرۈلۈپ قالىدۇ، كۆپىنچە قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى ئىپادىلەپ، بويسۇنغۇچىلار ئىچىدىكى قابىلىيەتلىكلەرنى، توغرا سۆزلۈكلەرنى كاردىن چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ ھەم قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسى ۋە سۇبيېكتىپ بويسۇنۇش پسىخىكىسىدىكى ئادەملەرگە پۇرسەت چىقىرىپ، مىللەتنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىلغارلىشىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

بۇ ئۈچ خىل باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

قول ئاستىدىكى خادىم ( ئاما ) غا قىزغىن، سەمىمي بولۇش؛ خىزمەت ياكى ئىشتا تىرىشچان، ئىقتىدارلىق، بىلىملىك، ئىشنى تىرىشىپ ۋە كۆيۈنۈپ ئىشلەيدىغان، باشقۇرغۇچى بار - يوقتا بىر خىل ئىشلەيدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك، مۇستەقىل ئىش يۈرگۈزەلەيدىغان، تىلى بىلەن دىلى بىردەك، شەخسىيەتسىز، ئەخلاقى ياخشىلارغا تايىنىش؛ ئىشلىگەن ئەمگىكىگە، تۆھپىسىگە قاراپ ئىشلىتىش، ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتماسلىق، ئىلغار - نەمۇنىچىلارنى ئەمەلىي ئىشلىگەنلەردىن تاللاش؛ قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنۈش؛ خۇسۇسىيەت - مىجەزى مۇرەككەپ ئادەملەرنى — خۇشامەتچى، ھەسەتخور، چېقىمچى، يالغانچىلارنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرماسلىق قاتارلىقلار ئىلغار باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە ئادەملەردىكى ئىپادىلەردۇر.

ئىلغار باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە باشقۇرغۇچ باشقۇرۇۋاتقان ئورۇندىكى خىزمەتچىلەر ( ئامما ) خۇش خۇي ئىناق ئۆتىدۇ ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئىشلەيدۇ . خىزمەتل تەرتىپلىك ئىشلىنىپ ، ئۇنۇم يۇقىرى بولىدۇ . خادىملار ئارىس گۈزەل ئەخلاق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ . بىلىملىك ، ئىقتىدارلىقلا ھۆرمەتلىنىدۇ ، ناچار پسىخىكىلىق ئادەملەرگە « بازار » چىقمايدۇ.

قول ئاستىدىكى خادىمغا سۆرۈن تەلەت بولۇش ياخشى - يامانىنى پەرق قىلماسلىق ؛ بىلىملىك ئىقتىدارلىقلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش ؛ يۇرتۋازلىق ، مەزھەبچىلىك پىكىرداشلىق ( ئوخشاش خۇيلۇق ) نى چىقىش قىلىش چېقىمچىغا ئىشىنىش ، نام - پايدا بولسا ئۆزىگە ، ئۆزى ئالالمىسا ھەمنەپەسلىرىگە تارتىش ؛ ئۇمۇ ئەپلەشمىسە ھېچكىشىگ بەرمەسلىك ؛ شەرەپنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ، خاتالىقنى باشقى ئىتتىرىش ؛ مەنپەئەت ، نەپ ئۆتكۈزمىسە ، خۇشامەت قىلمىس تۆھپىسى بولسىمۇ يوق قىلىۋېتىش ؛ ئالدىغا ئۇچرىغاننى ھەربا بىلەن قولغا كىرگۈزىدىغان ، « تاپاۋەت » نىڭ بىر قىسمىنى « زاكات » قىلىپ بېرىپ تۇرىدىغان ، كىچىككىنە ئىش قىلسا خىلى ئۇزاققىچە « بۇي » تارقىتىدىغانلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېلىش قاتارلىقلار قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ ئىپادىلىرى .

مۇئامىلىدە بىردەم ياخشىلارغا ھېسداشلىق قىلسا ، بىردەم پاسسىپ بويسۇنۇش پسىخىكىسىدىكى ئادەملەرنى قوللاش ؛ بەزىدە قايسى خىلدىكى بويسۇنۇش پسىخىكىسى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ياكى شۇ خىل پسىخىكىلىق ئادەملەر نەپنى كۆپرەك ئۆتكۈزگەن بولسا شۇ تەرەپكە ئېغىش ؛ بىرەر كىشىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىش ؛ « ئاممىغا ياخشىچاق

بولۇش، يامان بولماسلىق» نى مىزان قىلىۋېلىپ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش؛ بويسۇنغۇچىلارنى ئالدىدا ماختاپ، ئارقىسىدىن يوق ئەيىبلەرنى چاپلاشلار تۇراقسىز باشقۇرۇش پسىخىكىسىنىڭ ئىپادىلىرى.

ئومۇمەن، قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسى بىلەن تۇراقسىز باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە كىشىلەر باشقۇرۇۋاتقان ئورۇندا ئىش چىپچىلاڭغۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ ياكى ئىش ئاقمايدۇ. يالغان دوكلات قىلىش (يالغان نەتىجە پەيدا قىلىش)، تۆۋەننى بېسىپ يۇقىرىنى ئالداش ئارقىلىق ئەپلەپ - سەپلەپ جان باقىدۇ. بۇنداق ئورۇندا پسىخىكىسى مۇرەككەپ ئادەملەر توپلىنىدۇ ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. خادىملاردا ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق بولماي، ئەكسىچە زىددىيەت چوڭقۇر، يوشۇرۇن ھەم كۆچلۈك بولىدۇ. نەپسانىيەتچى، خۇشامەتچى، يالغانچىلار ئەتىۋارلىنىدۇ، تۆھپىكارلار چەتكە قېقىلىپ زەربىگە ئۇچرايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئەمگىكى يالغانچىلارغا، خۇشامەتچىلەرگە يېزىلىدۇ. بۇ خۇددى «ئات جوۋازدا، كالا مەپىدە» ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىلغارلار، نەمۇنىچىلارنىڭ ئورنىغا بارنى يوق، يوقنى بار قىلالايدىغانلار، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغانلار، «ئۆشرە - زاكات بېرىشكە چىۋەرلەر» گول قىلىدۇ.

دېمەك، باشقۇرۇش پسىخىكىسى بىر باشقۇرغۇچىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، سەنئىتىنى، قابىلىيىتىنى ۋە نىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئايابەگ ئىشىگنى ئىش بىلگەنگە بەر: يارامىلىق، دۇرۇس، تۈز، يۈرەكلىكلەرگە بەر»، «قايۇبەگ يارامسىزغا بەرسە ئىشى، يارامسىز ئۆزى ئۇ، نە باشقا

كىشى » دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان .

## 2 ) بويسۇنۇش پسىخىكىسى

بويسۇنۇش پسىخىكىسى — باشقۇرۇش پسىخىكىسى
ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىلىنىشىگە ( باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ) قار
گەۋدىلىنىپ چىقىدىغان « ئىنكاس » خاراكتېرىنى ئالغان بىر ح
پسىخىك جەريان بولۇپ ، باشقۇرۇش پسىخىكىسىنى ئالدىنقى شە
قىلغان ئاساستا مەۋجۇت بولىدۇ . ئۇنىڭ ھەر خىل باشقۇرۇ
پسىخىكىسىغا بولغان ئىنكاسلىق بويسۇنۇش ئىپادىسىمۇ ھەر ح
خاراكتېردە بولىدۇ . ئىككىنچى مەنىدە ئېيتقاندا ، ئۇ باشقۇرۇ
پسىخىكىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس ، بەلكى بىر خىل باشقۇرۇ
پسىخىكىسىغا قارىتا ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى پسىخىك ھالىتىنى چىق
قىلغان ھالدا مەلۇم بىر خىل خاراكتېرلىك ئىنكاس سۈپىت
ئىپادىلىنىدۇ .

بويسۇنۇش پسىخىكىسى باشقۇرۇش پسىخىكىسى بىل
قوشكېزەك پسىخىك ھالەت . باشقۇرۇش پسىخىكىسى ئۈست
توختالغاندا ، چوقۇم بويسۇنۇش پسىخىكىسىنى يېشىشكە تو
كېلىدۇ . بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى : بىرىنچىدىن ، باشقۇرۇ
پسىخىكىسىنىڭ ئوبيېكتى بويسۇنۇش پسىخىكىسى بولغانلىقى ھ
باشقۇرۇش بىلەن بويسۇنۇشنىڭ پسىخىك خاراكتېرى ، ھالىتى
ئىپادىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدا ؛ ئىككىنچىدىن
ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ سۆزلىيەلەيدىغان بولغاندىن كېيىن ، ھە
باشقۇرغۇچى ، ھەم بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدا . بۇندا
باشقۇرغۇچى ھەم بويسۇنغۇچى بولغان ئادەمنىڭ پسىخىك ھالىت
تەبىئىي يوسۇندا مۇرەككەپ باشقۇرۇش ـ بويسۇنۇش

پىشىقچىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭىدەك ھەر بىر ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتكە بولغان «تاللاش»ى ئوخشاشمىغاچقا، ئىنسانلاردا خۇي ـ مىجەز (ئېقىنراق ئېيتقاندا، ئەخلاق، نىيەت) ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن باشقۇرۇش پىشىقچىسىنىڭ ئىككىلەمچى ھالىتى بولغان بويسۇنۇش پىشىقچىسى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ.

بويسۇنۇش پىشىقچىسىنى خاراكتېر جەھەتتىن ئىلغار بويسۇنۇش پىشىقچىسى، پاسسىپ بويسۇنۇش پىشىقچىسى، ئوبيېكتىپ مۇھىتقا بېقىپ بويسۇنۇش پىشىقچىسى، سۇبيېكتىپ بويسۇنۇش پىشىقچىسى قاتارلىق تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئىلغار بويسۇنۇش پىشىقچىسى ـــ ئىلغار باشقۇرۇش پىشىقچىسى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ قوللايدىغان، قالاق ۋە تۇراقسىز باشقۇرۇش پىشىقچىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا بويسۇنمايدىغان؛ قابىلىيىتى، تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ئىلغار باشقۇرۇش، بويسۇنۇش پىشىقچىسىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىدىغان بىر خىل بويسۇنۇش پىشىقچىسى. بۇنداق پىشىقچىدىكى كىشىلەر ئىرادىلىك، يىراقنى كۆرىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا قابىل، خاتا، زىيانلىق ئىشلارغا تاقابىل تۇرىدىغان، بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ھەقىقانىيەت ئۈچۈن، ئومۇم مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئەل، خەلققە پايدا يەتكۈزۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشىدۇ. داھىيلار، مەشھۇر شەخسلەر مۇشۇ خىل پىشىقلىق ئادەملەر ئىچىدىن چىقىدۇ.

پاسسىپ بويسۇنۇش پىشىقچىسى ـــ قالاق باشقۇرۇش

باشقۇرۇش پسىخ
پسىخىكىسى ۋە ئۇسۇلىغا تايىنىپ، ئىلغار باشقۇرۇش
ۋە ئۇسۇلىغا تاقابىل تۇرىدىغان، ئۇنى ئۆزگەرتىش، يوق
ئورۇنسىدىغان بىر خىل بويسۇنۇش پسىخىكىسى. بۇ
پسىخىكىدىكىلەرنىڭ شەخسىي غەرىزى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇن
ھەسەتخور، بۇرتۇۋاز، بىلىمسىز، قابىلىيەتسىز كېلىدۇ.
باشقۇرغۇچىنىڭ قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە بول
تەمسىلەيدۇ، باشقۇرغۇچىنىڭ قالاق باشقۇرۇش ئۇ
باشقۇرۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن يانتاياق بولىدۇ.
باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە باشقۇرغۇچىنىڭ باشقۇرۇ
ئەنسىرەيدۇ، ئۇنىڭغا ئاشكارا - يوشۇرۇن قارشى تۇ
باشقىلارنى بويسۇنماسلىققا كۈشكۈرتىدۇ. بۇنداق پسىخ
ئادەملەر ئىچىدىن قارا نىيەتلەر، سۇيىقەستچىلەر ۋە نەپسانىيە
چىقىدۇ. ئۇلار ئەل، مىللەت ۋە ئۆزى تۇرغان ئورۇنغا زىيان
بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق پسىخىكىلىق ئادەملەر
جايىدا، ھەممە مىللەتتە نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. بىراق
ئىجتىمائىي مۇھىت ياكى ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا كۆپىيىپ
ۋە بازارغا ئىگە بولىدۇ.

پاسسىپ بويسۇنۇش پسىخىكىسىغا تەۋە يەنە بىر
بويسۇنۇش بار. ئۇ بولسىمۇ «باشقۇرغۇچىلارنى
كىرگۈزۈۋېلىپ بويسۇنۇش پسىخىكىسى» دىن ئىبارەت.
پسىخىكىلىق ئادەملەردە بىر خىل ئىقتىدار — مەككارلىق، قۇ
شۇملۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك، يالغانچىلىق ئېشىپ كەتكەن بو
ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، غەيرىي نىيىتىنى يوشۇ
ماھىر كېلىدۇ. باشقۇرغۇچىلارغا ياخشى كۆرۈنۈشكە، ئۇلارنى
قىسما ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىگە رام قىلىشقا چىۋەر كېلىدۇ؛ ئۆز

مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا ئوخشاش مىجەزلىكلەرنى توپلايدۇ. مۇناسىۋەت تورى تۇقۇپ باشقۇرغۇچىلارنى ئۆز تورىغا ئىلىندۇرۇپ يېتىلەشكە، ئۆزىنىڭ سىزىقىغا دەسسىتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلغار باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە باشقۇرغۇچىلارغا ئاستىرتتىن ئورا كولايدۇ. قالاق باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئىگە باشقۇرغۇچىلارنى تۆگىنى يېتىلىگەندەك ئۆزى خالىغان مەنزىلگە باشلايدۇ. بۇلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەملەر بولۇپ، ئادەتتە نورمال خىزمەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتقا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ يەنىلا پايدا ئالىدۇ.

ئوبيېكتىپ شارائىتقا بېقىپ بويسۇنۇش پسىخىكىسى — رېئاللىقتىكى باشقۇرۇش پسىخىكىسى ۋە ئۇسۇلى مەيلى ئىلغار، قالاق ياكى تۇراقسىز بولسۇن، شۇ جاينىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىدىغان بىر خىل بويسۇنۇش پسىخىكىسىدۇر. ئۇنى خاراكتېرىدىكى پەرققە قاراپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، ئوبيېكتىپ شارائىت تۈپەيلىدىن ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسى، ئۇسۇلىغا بويسۇنۇش پسىخىكىسى؛ يەنە بىرى، ئۆزىنى قوغداش، باشقۇرغۇچىغا ياخشى كۆرۈنۈش (يامان بولماسلىق) نى چىقىش قىلغان بويسۇنۇش پسىخىكىسى. بىرىنچى خىلدىكىلەر ئىككىنچى خىلدىكى كىشىلەردىن كۆپرەك بولىدۇ. ئۇلار ئىلغار بويسۇنۇش پسىخىكىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى. ئىككىنچى خىلدىكىلەر ئەسلىدىن قالاق باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە بولغاچقا، ئىلغار باشقۇرۇش پسىخىكىسىدىكى رەھبەرلەرگە بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ. ئەمەلىيەتتىن ئالغاندا، ئۇلار ئىلغار

باشقۇرۇش پسىخىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئ
باشقۇرغۇچىنىڭ ، ئىلغار بويسۇنۇش پسىخىكىسىدى
بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئالغا بېسىش يولىغا ئورا كولايدىغان يوشۇرۇ
كۆچلەردۇر .

سۇبيېكتىپ بويسۇنۇش پسىخىكىسى — مەلۇم بىر خى
باشقۇرۇش پسىخىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قارىتا ئۆزىنىڭ
شەخسىي مەنپەئەتى ، غەرىزىنى بويسۇنۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدىغا
بويسۇنۇش پسىخىكىسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان ئادەملەر
شەخسىي غەرەز يامان ، شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك كۆچلۈك
بولىدۇ . باشقۇرغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ھەر قاچان
ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ مۇئامىلە قىلىدۇ ھەم شۇ بويىچە
بىر خىل بويسۇنۇش پسىخىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەلۇم بىر خى
باشقۇرۇش پسىخىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ شەخس
مەنپەئەتىگە ماس كەلگەندە بويسۇنىدۇ ، ئەكسىچە بولغا
ئۇششۇقلۇق قىلىدۇ ياكى باشقىچە يول تۇتىدۇ ، بۇ خ
پسىخىكىلىق ئادەملەر ئاز ساندا بولسىمۇ ، ھەممىلا يەرگە تارقالغ
بولىدۇ . ئۇلارنىڭ بەزىسى ئادەتتە ئاكتىپ قىياپەتكە كىرىۋالىد
بەزىسى باشقۇرغۇچىلارغا خۇشامەت قىلىپ ، مۇناسىۋەت تى
تۇقۇپ ، ئۆزىنىڭ شەخسىي غەرىزىنى پەردازلايدۇ ، ئۇلار ق
باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىگە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھىماي
ئاسانلا ئېرىشەلەيدۇ . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، ئۇلار قالاق باشقۇ
پسىخىكىسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئىجتىمائىي يۆلەنچۈكىدۇر .

# 5 . سەنئەت پسىخكىسى

سەنئەت پسىخكىسى ــ ئىنسانلارنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدىكى ئېستېتىك تاللاشنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان پسىخىك تۈر . ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭى ، خۇي - مىجەزى ۋە خاراكتېرىنىڭ مەلۇم بىر خىل سەنئەت شەكلى ۋە مەزمۇنىنى ئىنكاسلىق تاللىشىدىن ھاسىل بولىدۇ ھەمدە ئىنسانلارنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ .

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى سەنئەت ھادىسىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان . سەنئەت ــ ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ دەسلەپ قولغا كەلتۈرۈلگەن مەنىۋى مەھسۇلات . ئۇ ئىنسانلارغا ئېستېتىك زوق بېرىش ئارقىلىق ھايات گۈزەللىكى ، گۈزەل ئەتىنى قۇرۇش ئىرادىسى ، چىنلىق ، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستىكىنى يېتىلدۈرۈش رولىنى ئوينىغان .

سەنئەت ھادىسىسى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن تۈر ئۇسسۇل ھېسابلىنىدۇ . ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلار ئوۋچىلىق قىلىپ ئوۋ غەنىمەتلىرىگە ئېرىشكەندە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن . ئوۋ ھەرىكىتىنى قايتا تەكرارلاش ئارقىلىق ، ئوۋ ئۇسسۇلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . نىقابلىق ئوۋ قىلىشتىن نىقابلىق ئۇسسۇل ئىجاد قىلىنغان . ئىنسانلار ئۇسسۇلنى دىنىي چۈشەنچىسىگە تەتبىقلاپ قۇياشقا تەلپۈنۈش ئۇسسۇلى ( كېيىنكى

شامان ئۇسسۇلى ، ئۇيغۇرلاردا ساقلانغان ساما ئۇسسۇلى ) نى ئۇ
قىلىغان . يەنە يىرتقۇچ ھايۋانلار ، جىن _ شاياتۇنلار بىلە
ئېلىشىش ئۇسسۇلى ( شامان ، باخشىلارنىڭ پىرىخونلۇ
باخشىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ داۋامى ) نى ئۇيىنغا
كېيىنچە ، ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرى — كەلكۈن ، يىرتق
ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمى ، ياۋۇز ئىنسان توپلىرىنىڭ ھۇجۇ
ئۇستىدىن غەلىبە قىلىش ، تۇرمۇشنى سۆيۈش ، چىنلىق
ياخشىلىققا ، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ، بەختنى قولغا كەلتۈرۈ
ئىستىكى قاتارلىقلارنى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقى
ئىپادىلىگەن . سەنئەت شەكىللىرىمۇ كۆپىيىپ ناخشا ، كۈي بى
ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىرلەشتۈرۈلگەن . بۇنىڭدىن باشقا قىيا تاشلا
ئوۋچىلىق ، ئۇسسۇل ۋە جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى ئويۇ
تۇرمۇشنى ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىگە
مانا بۇلار ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلاردا شەكىللەنگەن سەن
پسىخىكىسىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى ئىدى .

ئىنسانلار ئىقتىسادىي تەبىقىلەرگە — ئېكسپىلاتاتورلار
ئېزىلگۈچىلەرگە بۆلۈنگەندىن كېيىن ، سەنئەتنىڭ شەكلى
مەزمۇنى ئوخشاشمىغان خاراكتېر ئالغان . سەنئەتنىڭ ئويناي
رولىمۇ ھەر خىل خاراكتېردە بولغان . ئوخشاشمىغان تەبىقىلە
سەنئىتى ۋە سەنئەت پسىخىكىسىمۇ بىر خىللىقتىن پارچىلى
قارىمۇ قارشى تاللاشنى باشتىن كەچۈرگەن ؛ ئەمگە
ساختىلىق ، يامانلىق ، رەزىللىكنى پاش قىلىدىغان
شەكلى ، مەزمۇنىنى ياراتقان ھەم چىنلىق ، ياخشىلىق ، گۈزە
ياقتۇرىدىغان سەنئەت پسىخىكىسىنى ... تىلدۇ

رەزىللىكنى ياپىدىغان، ئەيش - ئىشرەت شەكلى، مەزمۇنى ئاساس قىلىنغان سەنئەتنى ياراتقان ھەمدە شۇنى قوغلىشىدىغان سەنئەت پىسخىكىسى ھاسىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل قارىمۇ قارشى پىسخىكنىڭ ئامىللار ۋە تۇرمۇشتىكى بىر - بىرىگە زىت ھادىسىلەر سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەمگەكچى خەلقتە ئېزىشكە، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان سەنئەت شەكىللىرى بارلىققا كېلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇسى، سەنئەت پىسخىكىسى ئىپادىلەنگەن. ئېكسپىلاتاتورلار، غەيرىي ئەمگەكچىلەرنىڭ سەنئەت پىسخىكسى تەلپىي بويىچە ئەيش - ئىشرەت مەزمۇن، شەكلىدىكى سەنئەت ئويۇنلىرى، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، رەھىمسىزلىكنى پەردازلايدىغان سەنئەت ئويۇنلىرى ئىجاد قىلىنغان. بۇ سەنئەت پىسخىكىسىنىڭ بىرىنچى قېتىم قارىمۇ قارشى ئامىللارغا يۈزلىنىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەنئەت پىسخىكسى بارا - بارا كۆپ خىللىققا قاراپ ئۆزگەرگەن.

سەنئەت پىسخىكىسى — ئادەم (مىللەت) نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تەربىيىلىنىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئۇلار بەلگىلىگەن ئېستېتىك زوقلىنىش پەرقى ئاستىدا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى، ئېكسپىلاتاتورلار، غەيرىي ئەمگەكچىلەر، بيۇروكراتلار، ئەخلاقسىزلار ئەيش - ئىشرەتلىك سەنئەتتىن زوقلانسا؛ ئەمگەكچىلەر ئەمگەكنى، ۋاپادارلىقنى ئىپادىلىگەن سەنئەتتىن زوقلىنىدۇ. بىلىملىكلەر، ئاقىللار سەنئەتتىكى چىنلىق بىلەن ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئەنئەنە بىلەن ئويدۇرما، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن

ساتقىنلىق قاتارلىقلارنىڭ ئىپادىلىرىنى توغرا ... زوق ئالسا؛ بىلىمسىزلەر، نادانلار ئەنئەنىگە يات، چاكىنا، شال... سەنئەت شەكلى، مەزمۇنىدىن زوق ئالىدۇ. ياۋروپالىقلارنى... تۇرمۇش ئادىتىدە ئاياللار مەيدىسىنى ئېچىپ يۈرسە گۈزەللى... ھېسابلىنىدۇ ھەم بىر قىسىم سەنئەت شەكىللىرىدە ئايال... كىچىككىنە يېرىنىلا يېپىۋېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەر... ئاياللارنىڭ سۆيۈشۈشلىرى سەنئەتتىكى بىر خىل ئېستېتىك زو... ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيالىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئار - نومۇ... ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغاچقا، سەنئەتتىمۇ ئۆرپ - ئادەت چىق... نۇقتا قىلىنىدۇ. ئەرەب ئۇسسۇلى — ئىشقۋازلىقنى قوزغايدىغا... ساغرا ئۇسسۇلى بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇلى قول، پۇ... بەلنىڭ نەپىس ھەرىكىتى ئاساس قىلىنغان ئۇسسۇل ھېسابلىنىد... بولاردىن ئۆرپ - ئادەت، مىللىي تۇرمۇش شەكلى پىسخىكىنىڭ سەنئەت پىسخىكىسىنى ئۆزگىچە شەكىل، مەزمۇ... ئىگە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ پىسخىك ھالىتىنىڭ ھەر خىللىقى، بىر ئا... بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ پىسخىكىسىنىڭ ئوخشاشماسلى... كىشىلەردىكى ھەر خىل پىسخىك ئاجىزلىق، خاسلىقلار ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە سەنئەت پىسخ... مۇرەككەپلىشىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كىشىلەر مەلۇم خاراكتې... پىسخىك ئامىللار ۋە مۇرەككەپ سەنئەت پىسخىكىسىنىڭ ئا... ئاستىدا مەلۇم خاراكتېرلىك سەنئەت مەزمۇنى، شە... ئېستېتىك زوق ئالسا، يەنە باشقا بىر خاراكتېرلىك - مەزمۇنى، شەكلىنى ياقتۇرمايدۇ.

سەنئەت پىسخىكىسىنىڭ خاراكتېرى ئېستېتىك

رەزىللىكنى ياپىدىغان، ئەيش - ئىشرەت شەكلى، مەزمۇنى ئاساس قىلىنغان سەنئەتنى ياراتقان ھەمدە شۇنى قوغلىشىدىغان سەنئەت پسىخىكىسى ھاسىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل قارىمۇ قارشى پسىخىك ئامىللار ۋە تۇرمۇشتىكى بىر - بىرىگە زىت ھادىسىلەر سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەمگەكچى خەلقتە ئېزىشكە، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان سەنئەت شەكىللىرى بارلىققا كېلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇسى. سەنئەت پسىخىكىسى ئىپادىلەنگەن. ئېكسپىلاتاتورلار، غەيرىي ئەمگەكچىلەرنىڭ سەنئەت پسىخىكىسى تەلپى بويىچە ئەيش - ئىشرەت مەزمۇن، شەكلىدىكى سەنئەت ئويۇنلىرى، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، رەھىمسىزلىكنى پەردازلايدىغان سەنئەت ئويۇنلىرى ئىجاد قىلىنغان. بۇ سەنئەت پسىخىكىسىنىڭ بىرىنچى قېتىم قارىمۇ قارشى ئامىللارغا يۈزلىنىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەنئەت پسىخىكىسى بارا - بارا كۆپ خىللىققا قاراپ ئۆزگەرگەن.

سەنئەت پسىخىكىسى — ئادەم (مىللەت) نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۆرپ - ئادىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تەربىيىلىنىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئۇلار بەلگىلىگەن ئېستېتىك زوقلىنىش پەرقى ئاساسىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى، ئېكسپىلاتاتورلار، غەيرىي ئەمگەكچىلەر، بيۇروكراتلار، ئەخلاقسىزلار ئەيش - ئىشرەتلىك سەنئەتتىن زوقلانسا؛ ئەمگەكچىلەر ئەمگەكنى، ۋاپادارلىقنى ئىپادىلىگەن سەنئەتتىن زوقلىنىدۇ. بىلىملىكلەر، ئاقىللار سەنئەتتىكى چىنلىق بىلەن ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئەنئەنە بىلەن ئويدۇرما، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن

خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئىستېتىك زوق سەنئەت پىسخىكىسىنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ سەنئەت پىسخىكىسى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ سەنئەت پىسخىكىسىدىكى پەرق ئىستېتىك زوقنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىستېتىك تاللاش، ئىستېتىك زوقلىنىش ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش بىر سەنئەت ھادىسىسىگە بولغان تاللاشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بىرسى بىر خىل سەنئەت تۈرىگە قىزىقسا، بىرسى يەنە بىر خىل سەنئەت تۈرىگە قىزىقىدۇ. بىرسى چىنلىق، گۈزەللىك مەدھىيىلەنگەن سەنئەتتىن زوقلانسا، بىرسى رەزىللىك، ساختىلىق، يامانلىق پەردازلانغان سەنئەتكە ئامراق بولىدۇ. ئىككىنچى بىر ھالەتتە، بىرسى مىللىي سەنئەتنى ياقتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىستېتىك زوق ئالسا، بىرسى يات سەنئەت ھادىسىلىرىگە ئىنتىلىپ مىللىي سەنئەتنى ياقتۇرمايدۇ. بىرسى مىللىي سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىشنى غۇرۇر، ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ بىلسە، ئايرىم ئادەملەر نادانلىقى، غەلىتە پىسخىكىسى، ئىچى قوتۇرلۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا يات سەنئەت ھادىسىلىرىنى دەسسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. كىشىلەرنىڭ قانداق سەنئەتنى، قايسى مەزمۇندىكى، شەكىلدىكى سەنئەتنى ياقتۇرۇشىغا، قانداق سەنئەتنى، قايسى مەزمۇندىكى، شەكىلدىكى سەنئەتنى ياقتۇرماسلىقىغا قاراپ، ئۇ ئادەمنىڭ پىسخىك تاللىشىنى ھەم باشقا پىسخىك ھالىتىنى مەلۇم دەرىجىدە بىلگىلى بولىدۇ. يەنى بىر ئادەمنىڭ قانداق مەزمۇندىكى، شەكىلدىكى سەنئەتنى ياقتۇرۇشى، قانداق مەزمۇندىكى سەنئەتنى ياقتۇرماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ سەممىي ــ ساختا، ئاق كۆڭۈل ــ ئالا نىيەت، راستچىل ــ يالغانچى، ئاقىل ــ نادان، ئەنئەنىچى ــ دورامچى، غۇرۇرلۇق

- ۋىجدانسىز، ئالىيجاناب - ئىشرەتپەرەس ئىكەنلى...

ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ جاھانغا مەشھۇر 12 مۇقامى، نە...

گۈزەل ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقل...

ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا تەبىئەت بىلەن كۈر...

قىلىش، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش، چىنلىق، ياخشىل...

گۈزەللىكنى يارىتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش پسىخىكىس...

تۈرتكىسىدە ئاشۇنداق دۇنياغا مەشھۇر مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئى...

ياراتقان ھەم تەرەققىي قىلدۇرغان. ئاشۇ ئۇلۇغ، مۇقەددەس

سەنئەت بولىقى ئەجدادلىرىمىزنى ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە قىلغان.

رەھىمسىز فېئوداللار مۇقام، ئۇسسۇلنى گەۋدە قىل...

مەشرەپلەرنى چەكلەپ، ئەمگەكچى خەلقنى نادان، رەھىم...

ھېسسىياتسىز قۇللارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. مۇتەئەسس...

دىندارلار، «پىر»لەر ھۆرلۈكنىڭ نامايەندىسى بولغان مۇقا...

«كۇفرى» دەپ قاراپ خەلقنى نەغمىدىن، مۇڭلۇق ناخشىلا...

مەھرۇم قىلىپ ئالىي تۇيغۇ، ھېسسىيات ۋە ئەقىل - پاراسەت...

مەيدانىغا كېلىشىنى توسقان. بىراق سەنئەتخۇمار ئەجدادلىر...

رەزىللىك ۋە جاھالەت ئىچىدىمۇ 12 مۇقام مۇزىكىلىرىنى رە...

سىستېمىلاشتۇرغان ۋە داۋاملاشتۇرغان.

پىكىردىكى تارلىق (تار دۇنيا قاراش)، ئىدراك...

ئاجىزلىقى سەنئەت پسىخىكىسى ۋە ئېستېتىك ...

خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. 50 - يىللاردا بىزدە ھىندىستاننىڭ ...

فىلىملىرىدىكى ناخشىلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن

ئوقۇيدىغان — چەت ئەلنىڭ سەنئىتىنى دوراش پسىخىكىس...

ئوتتۇرىغا چىققان. يېقىنقى مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن پى...

بېكىنىمىچىلىكتىن قۇتۇلۇش روھىي كەيپىياتىنىڭ ئۇسۇشىگە ياندىشىپ پاكى ئاشۇ دولقۇن ئىچىگە كىرىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر ۋە ئاز ساندىكى ياشلاردىكى پىكىرنىڭ تارلىقى، ئەقىل - ئىدراكنىڭ ئاجىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر تەرەپلىمىلىك يات، مەنىۋىسىز پىكىر، غەيرىي تۈيغۇ ھەمدە غەلىتە سەنئەت ھادىسىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇ خىل سەنئەت ھادىسىسى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ سەنئەت پىسخىكىسى ۋە ئېستېتىك زوق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ شاللاق، چاكىنا مەزمۇندىكى سەنئەتكە مايىل قىلدى. مەخسۇس تەربىيىلەنگەن دورىغۇچىلار ئورۇنلىغان ئېتىقسىز، مەنىسىز ناخشا - ئۇسسۇللار «ھازىرقى زامان ناخشا - ئۇسسۇلى»، «ئامىمباب»، «يېقىملىق»، «قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان» دەپ پەردازلاندى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنى «ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ چىقىش يولى» دەپ بازارغا سالدى. كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىگە بۇ خىل مەزمۇن، شەكىللەر نېمە ئۈچۈندۇر سىغداپ كىرگۈزۈلدى. ئەكسىچە ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى باشقىلارنىڭ ئۇسسۇلى قىلىنىپ پادىشاھ سارايلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەردىن ئورۇن ئالدى.

بىلىش كېرەككى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى چىقىش قىلغان، ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى سەنئىتىدىن ئېستېتىك زوق ئالىدىغان سەنئەت پىسخىكىسى مىللەتنىڭ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماي، مىللەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ مىللەتنىڭ ئېتىقاد، غايە ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەقىل - ئىدراكىنى كېڭەيتىپ، ئادەمنى پىكىر كەڭلىكىگە باشلايدۇ.

# 6 . ئايالار پسىخىكىسى

ئايالار پسىخىكىسى — ئايالارنىڭ پسىخىك تەرەققىـ
تارىخى ، ئىجتىمائىي ئورنى ، ساپاسى ، جىنسىي پەرقى كەلتۈر...
چىقارغان پسىخىك ئامىللار ۋە پسىخىك خاسلىقلار...
شەكىللەنگەن مۇرەككەپ پسىخىك ئامىللارنىڭ يىغىندىسى...
جىنسنى بىرلىك قىلغان پسىخىك تۈر بولۇپ ، ئىنسان تەبىئـ...
مىللەت پسىخىكىسى ۋە پسىخىك خاسلىقلارنى تەتقىق قىلـ...
مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

ئايالاردا پسىخىك ئامىللارنىڭ شەكىللىنىشى ، يېتىلىشى...
تەرەققىي قىلىپ سىستېمىغا ئايلىنىشى ئەرلەردىن بالدۇر بولـ...
ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچى ئايالا...
ئىنسانلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم باشقۇرغۇچى ئورۇنغا چىقار...
ئايالارنى گەۋدە قىلغان بىر ئۇرۇق ( جامائە ) ئەزالىرى...
كوللېكتىپ بولۇپ تەشكىللىنىپ ئانا ( ئايال ) نىڭ باشقۇرۇ...
بولغان . باشقۇرغۇچى ئورۇندا تۇرغان ئانا ( ئايال ) دا مۇنا...
هالدا ئۆز جامائەسىنى باشقۇرۇش پسىخىكىسى ۋە ئۆز كوللېكـ...
قوغداش پسىخىكىسى يېتىلىشكە باشلىغان . كوللېكتىپ ئەزالىر...
بولسا ، تەبىئىي هالدا باشقۇرغۇچى ئانا ( ئايال ) غا بويسۇ...
پسىخىكىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان . بۇ خىل پسىخىك ئا...
ئانىلار ( ئايالار ) نى مەركەز قىلغان كوللېكتىۋىزملىق روھ...
ئىنساندىكى تەبىئەتكە سىغىنىش روھىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئانـ...

(ئايالللار) نى تەبىئەت كۈچلىرىدىن قالسىلا قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىلاھ ئورنىغا كۆتۈرگەن. بۇ نۇقتىنى قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئايال ئىلاھلارنىڭ ئوبرازلىرىدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي دەۋردە «ئۇماي ئانا» غا چوقۇنغان. ئۇ پۈتكۈل تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئىلاھىي ئانىسى بولغان. ئۇ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە كوللېكتىۋىزملىقنىڭ، مېھرىبانلىقنىڭ ۋە پەرزەنتلەرگە كۆيۈنۈشنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بۇنىڭدىن، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق مەزگىلىدىلا ئاياللاردا كوللېكتىۋىزملىق روھنىڭ، بىر ئۇرۇقتىكىلەرگە مېھرىبان بولۇش، كۆيۈنۈش قاتارلىق پىسخىك ئامىللارنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئەمگەك قىلغانلىقى — ئاياللاردا ئەمگەكنى سۆيۈشنى يېتىلدۈرگەن بولسا، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ مېۋىلىرىنى تەقسىملەش ھوقۇقىمۇ ئوخشاشلا كوللېكتىۋىزملىق روھنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئۇرۇقى — كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتەك پىسخىك ئامىللارنى يېتىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن كوللېكتىپ ئەزالىرىدا ئەمگەكنى سۆيۈش، كوللېكتىپنى ئويلاشتەك پىسخىك ئامىللارنىڭ يېتىلىشى تېزلەشكەن.

ئاياللاردىكى گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى سۆيۈش ئېتىقادى ئاياللاردا خاس پىسخىك ئارتۇقچىلىق ۋە ئىنسانلاردا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قاتارلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئايال ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋردە خاس. كۆركەم كىيىملەرنى ئىجاد قىلىپ كىيىپ، ئۆزىنىڭ جىسمانىي گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان. ئۆزىنىڭ تەبىئىي

گۈزەللىكىنى تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن بىرلەشتۈر ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى تەبىئەت بىلەن بىرلەشتۈر چۈشەنچىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان ھەمدە ئى گۈزەللىكىنى ئاشۇرغان. بۇ خىل روھ ۋە پسىخىك ئامىللار ئىن ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ كېيى تەرەققىياتى ۋە كىشىلىك ئاڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغا

ئاياللاردىكى تۇغۇش ئىقتىدارى ۋە بالا تەربىيىل مەسئۇلىيىتى ( ئەرلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ) ئاياللاردا بىر ق پسىخىك ئامىللارنى ئەرلەردىن بۇرۇن پەيدا قىلىدۇ. ئايانكى بولغۇچى پەرزەنت ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۇنىڭ ساغ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ خىل مەسئۇلىيەت ۋە روھ ئاياللاردا مەلۇم پسىخىك ئامىل شەكىللەندۈرىدۇ. ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلار ئاشۇ سەۋەب كۆزدە تۇتۇپ ئاياللارنى ئۇلۇغلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئا ئىنسانلار ئىچىدىكى ئۇلۇغ ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. ئاياللا تۇغۇش ئىقتىدارى ۋە ئانىلىق سۈپىتى بولمىغاندا، ئىن مەۋجۇت بولمىغان، ئىنسانلاردا ئۆزئارا مېھرىبانلىق، ياخ ئورۇن ئالمىغان بولاتتى.

ئاياللاردىكى پسىخىك ئارتۇقچىلىقلار ۋە پسى ئاجىزلىقلار پەرزەنتلەرگە قان، سۈت ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئى پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بىر قانچە يىللار ئىلگىرىلا بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەم ئ خۇلاسىلاپ « سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئىپتىدائىي دەۋرگە خاس ئايال پسىخىكىسىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، مېھرىبانلىق

كوللېكتىپچانلىق پىسخىك ئامىللىرى ئەجدادلىرىمىزدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قاتارلىق پىسخىك ئامىللارنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇنىڭدەك، ئەجدادلىرىمىزدىكى كوللېكتىۋىزىملىق روھ، تەبىئەتكە سىغىنىش روھى ۋە باتۇرلۇق ئامىللىرى ئايال ئەجدادلىرىمىزنىڭ پسىخىك تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاياللار (ئانىلار) دا شەخسىيەتچىلىك، ئۆز مەنپەئىتىنى كوللېكتىپ مەنپەئىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇش، ئۆز تۇپېدىكىلەرگە رەھىمسىزلىك قىلىشتەك پىسخىك ئامىللار شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنى ئەپسانىلەردىكى «يالماۋۇز» ئوبرازى ۋە خەلق چۆچەكلىرىدىكى «يالماۋۇزلار» پاكىتلايدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى يالماۋۇزنىڭ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورىغانلىقى — ئايالالارنىڭ ئۆز جىنسىدىكىلەرگە بولغان رەھىمسىزلىكى ۋە ئاچكۆزلۈكىنى ئېچىپ بېرىدىغان مىسالدۇر. ئەپسانە ۋە چۆچەكلەردىكى بارلىق يالماۋۇزلار ئايال بولۇپ، ئۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇرۇق باشلىقى بولغان ئايالالارنىڭ ھالىتى ۋە پىسخىكىسىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئورۇن ئېلىشىدۇر. بۇنداق پىسخىك ئامىللار كېيىنچە ئىنسان پىسخىك قۇرۇلمىسىدىن ئورۇن ئېلىپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئايالالارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزگەرتكەن. نىكاھ تۈزۈمى ئايالالارنى باشقۇرغۇچى ئورۇندىن بويسۇنغۇچى ئورۇنغا چۈشۈرگەن. ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئايالالارنى ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى بولۇشتىن ئائىلىۋى ئەمگەك كۈچى بولۇشقا ئالماشتۇرغان. بۇ

ئۆزگىرىشلەر ئاياللارنىڭ پسىخىكىسىغا يېڭى پسىخىك ئامىلل كىرگۈزىدىغانلىقى ۋە كىرگۈزگەنلىكى ئېنىق.

كېيىنكى دەۋرلەردە ئىجتىمائىي تۈزۈم، نىكاھ تۈزۈ ئادەت، قائىدە - يوسۇنلار، دىن ۋە تەربىيىلىنىش مۇ قاتارلىقلار مۇئەييەن رول ئويناپ، ئاياللارنىڭ پسىخىك ئارتۇقچىلىقلار بىلەن ئاجىزلىقلارنىڭ ئوخشاشمىغان دەرى شەكىللىنىشىگە شەرت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭلاشقا، بىر مى ئاياللىرىدىكى پسىخىك ئامىللار بىلەن يەنە بىر مى ئاياللىرىدىكى پسىخىك ئامىللاردا ئوخشاشماسلىق بولىدۇ. بۇ ھالەت ئاياللاردا بەزى پسىخىك خاس ئاجىزلىقلارنى كۆچەي شۇ مىللەت ئاھالىسىدىكى خاس پسىخىك ئاجىزلىق جۈملىدىن، پسىخىك ئاجىزلىق ئامىللىرىنى كۆپەيتىش ر ئوينايدۇ.

# 7. ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىك ھالىتى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس مول مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە، بولۇپمۇ ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىگە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئاساسىدىكى ئېتىقادى، ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىسى، گۈزەل پىسخىكىسى، ئاددىي - ساددا، پايدىلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى؛ ئاتلىقلار مەدەنىيىتى ۋە ئېكىنچىلىق مەدەنىيىتى دەۋرلىرىدىكى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى؛ يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، ميتالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى؛ دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى يارىتىش داۋامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئىتى، 12 مۇقام مۇزىكىسى، ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرى، ئۆز مەدەنىيىتىنى شەرق - غەربكە تارقىتىش، شەرق - غەربلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىنىڭكىگە ئايلاندۇرۇپ قوبۇل قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، ئىجادكار، ئۇيۇشقاق، باتۇر خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىك ھالىتى ئىلغارلىققا ھەم ئاجىزلىقلارغا ئىگە پىسخىك ھالەت. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پىسخىك

هالىتى — تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ يىغىندىسى ، شۇڭىدەك يېڭىدىن ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ، ئىلغار پىسخىك ئامىللار بىلەن ناچار پىسخىك ئامىللار بىر - بىرىنى يېڭىش ئۈچۈن جىددىي كۈرەش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان پىسخىك ھالەت .

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردىن ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە پىسخىك ئامىللارنى ھاسىل قىلىدىغان قانۇنىيەتلىك ئامىللار — جۇغراپىيىلىك ئورۇن ، ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى ، مۇناسىۋەتلىشىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى ، نىكاھ ، ئائىلە ، ئۆرپ - ئادەت ، قائىدە - يوسۇنلىرى ، ئېتىقاد قىلىغان دىنلىرى ، ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ، ئىرسىيىتى ، ئۇدۇمى ، تەربىيىلىنىش مۇھىتى ، خاس يېمەكلىكى ۋە سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئۆزىدە بىر مۇنچە خاس پىسخىك ئامىللارنى شەكىللەندۈرگەن .

ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي قەبىلە مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مەزگىللىرىدە ئاساسەن ، بىر قەدەر ئىلغار پىسخىك ئامىللار ۋە پىسخىك خاسلىقلار ئورتاقلىقىدا ياشىغان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەلۇم قەبىلە ، يۇرتلاردا شەكىللەنگەن يەككە پىسخىك ئامىللارنىڭ رول ئوينىشى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە پىسخىك ئامىللار ئاجىزلىشىپ ياكى بېسىمغا ئۇچراپ ، قىسمەن ئىللەتلەر باش كۆتۈرگەن . مىللەت ئىچىدە بۆلۈنمىچىلىك ، تارقاقلىق ھالىتى ئۈستۈنلۈكنى ئالغان . يېشىپ ئېيتقاندا مىللەتنىڭ ئورتاق پىسخىكىسىنى بۇزىدىغان پىسخىك ئامىللار پەيدا بولغان ھەمدە ئورتاق پىسخىك ئارتۇقچىلىق ئامىللىرى پەيتكە قاراپ ئاجىزلاش ھالىتى شەكىللەنگەن . ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىشى ، ئاچكۆزلۈكى ،

يىراقنى كۆرەلمەسلىكى ، بىكىنمىچىلىكى ھەم ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ناچار بويسۇنۇش پسىخىكىسى ۋە ئاشقى تەسىرلەر پەيدا قىلغان پسىخىك ئاجىزلىقلار مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىك ئارتۇقچىلىقىنى بۇزۇپ ، كۆپ قاتلاملىق ھەم ناچار خاراكتېرلىك پسىخىك ئامىللارنى پەيدا قىلغان .

ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئورتاق پسىخىك ئامىللار ، پسىخىك خاسلىقلار ، پسىخىك ئۇدۇم بىلەن مىللەت ئەزالىرىدىكى يەككە ۋە ئورتاق پسىخىك ئامىللار ؛ مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىك خاسلىقى ھەم پسىخىك ئۇدۇمدىن چەتنىگەن پسىخىك ئامىللار ۋە ئۇنىڭدىكى ئىلغار پسىخىك ئامىللار بىلەن ناچار پسىخىك ئامىل تەركىبلىرى قوشۇلۇپ ناھايىتى مۇرەككەپ پسىخىك ھالەت شەكىللەنگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئىلغار — دۇرۇس پسىخىك ئامىللار ، پسىخىك خاس ئارتۇقچىلىقلارمۇ ؛ ناچار پسىخىك ئامىللار — ئاجىزلىق ۋە ئىللەتلەرمۇ بار . بۇ پسىخىك ئارتۇقچىلىق ( خىسلەتلەر ) ۋە پسىخىك ئاجىزلىقلار ( ئىللەتلەر ) نىڭ بەزىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پسىخىك قۇرۇلمىسىدا مەۋجۇت بولغان . بەزى پسىخىك ئاجىزلىقلار ، ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئاشقى ئامىللارنىڭ رولى بىلەن پەيدا بولغان ياكى شاخلاپ بارغان . بەزى ئىلغار — دۇرۇس پسىخىك ئامىللار ، خاسلىقلار ئاجىزلاشقان ، ھەتتا يوقىلىشقا يۈزلەنگەن .

فېئوداللىق ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشى ، مىللەت ئەزالىرى ئىچىدە نادانلىق ، قالاقلىق ، خۇراپاتلىق ۋە باشقا ئاجىزلىقلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ، ئىقتىساد ، ھوقۇققا ئىگە بولغانلاردا ھەممەتىسىزلىك ، ئىقتىسادىي

چەكلىمىلىك، بىراقنى كۆرەلمەسلىك پسىخىك ئامىللىرىنىڭ
پسىخىك خاسلىققا ئايلىنىشى ... سەۋەبلىك جەمئىيەتتە نامراتلىق،
قالاقلىق، ساۋاتسىزلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ئەۋلادلارنىڭ
پسىخىكىسىدا پەقەت پسىخىك ئۇدۇم ئاساسىدىكى دۇرۇس پسىخىك
ئامىللارلا ساقلاپ قېلىنغان.

ئۇيغۇرلاردىكى بىر قىسىم ناچار پسىخىك ئامىللارنى ئۇلۇغ
مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق
كىتابىدا بىر - بىرلەپ ئېچىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن
كىلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ناۋايى، سەككاكى، نىزامىلارمۇ
ئۆزىنىڭ ئۆلمەس شېئىرلىرىدا بۇ ھەقتە نۇرغۇن قىممەتلىك
قاراشلىرى ۋە ئۆمىدلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلاردا پسىخىك ئارتۇقچىلىقلار، دۇرۇس خۇي -
مىجەزلەر يەنىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ بىر مۇنچىسى
پسىخىك ئۇدۇم، ئەنئەنە سۈپىتىدە نۇرغۇن ئاقىل، بىلىملىك،
مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزدە ساقلىنىۋاتىدۇ ھەمدە ئاۋام خەلقىمىز
تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىرقى زامان
مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى يۈزلىنىشكە
سېلىشتۇرغاندا، بىزدىكى پسىخىك ئاجىزلىقلار نىسبەتەن ئېغىر.
بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ زامان يۈزلىنىشكە قارشى يۆنىلىشتە
كونا، ناچار پسىخىك ئاجىزلىقلارنى ئۇلغايتىشىدىن باشقا يەنە،
يېڭىباشتىن ناچار پسىخىك ئامىللارغا ئۆزىنى ئۇرۇشى ئادەمنى
ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

» ..........................

باش ئەگدى ئۇلارغا يەر بىلەن ئاسمان.

باشقىلار ئۇچتى ئايغا، يۇلتۇزغا،
بىزدىكى غەم بۇگۇن ـ توي بىلەن داستىخان»
دېگەن مىسرالاردا بىزنىڭ هازىرقى روهىي هالىتىمىز ناهايىتى ئېنىق هەم ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىلگەن.
فېئودالىق جەمئىيەتتىن باشلانغان هەشەمەتخورلۇق، ئىسراپچىلىق، داغۋازلىق هەم ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان تويلىشىش پسىخىكىسى؛ ئاچكۆزلۈك، خۇشامەتچىلىك، تەمەخورلۇقنى چىقىش قىلغان زىياپەت ـ چايلار بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ روهىيىتىنى ئىللەتلەر بىلەن تولدۇردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتتە باش كۆتۈرگەن تويلىشىش، داستىخان سېلىش پسىخىكىسىدىكى هەر قىسما ناچار ئامىللار ئىللەتلەرنىڭ بىمالال يىلتىز تارتىشى، كېڭىيىشىگە سەۋەبچى بولدى. مىللەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىدا ئىقتىسادىي چەكلىمىلىك (بېخىللىق، ئىقتىسادنى ئەهمىيەتسىز ئىشلارغا ئىشلىتىش، ئىلىم ـ پەن ئىگىلەشتىن پۇل تېپىشنى ئەلا بىلىش)، ئوقۇغۇچىلاردا شەكىللەنگەن دىپلومغىلا ئىگە بولۇش ئىستىكى، كىشىلەردىكى بىر ـ بىرىدىن نەپ ـ هايان ئېلىشنى قوغلىشىش، بىلىملىك، ئىختىساسلىقلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، بىر ـ بىرىنى ئالداش، مۇئامىلىدە سەمىمىي بولماسلىق، تاشقى گۈزەللىككىلا ئەهمىيەت بېرىپ ئىچكى گۈزەللىكنى تاشلىۋېتىش، غەيۋەتخورلۇق، دادخورلۇق، چېقىمچىلىق، هەسەتخورلۇق، يالغانچىلىق، يۇرتۋازلىق، ئاداۋەتخورلۇق ... قاتارلىق پسىخىك ئىللەتلەر يامرىدى.
چۈشىنىش كېرەككى، مىللەتنىڭ روهىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى، ئىللەتلەرنى ئېچىشتىن مەقسەت مىللەتنى

كەمىتىش بولماستىن ، بەلكى مىللەتنىكى مەنىۋى بويۇنتۇر
پىسخىك ئاجىزلىقلاردىن بوشىنىپ، دەۋر روھىغا ماسلىشىپ،
مىللەتلەرگە ئوخشاش مەنىۋى جەھەتتە ساغلام بولۇپ، مى
مەنىۋى، ماددىي جەھەتتە تەڭ يېتىلگەن قىلىشنىڭ ئاس
تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

# 8. قىممەت پسىخىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ھالىتى

ئىنسانلار جەمئىيىتى ئەمگەك ياراتقان ( يارىتىدىغان ) قىممەت بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. بىراق ئىنسانلاردا ئەمگەك قىممىتىگە قارىتا ئەزەلدىن تارتىپ ئوخشاشمايدىغان قىممەت پسىخىكىسى ۋە قىممەت قارىشى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنداق ئوخشاشمايدىغان قىممەت پسىخىكىسى ۋە قىممەت قارىشى ئادەملەردە ئەمگەككە، ئەمگەك قىممىتىگە ھەمدە ئەمگەك قىممىتى ياراتقۇچىلارغا قارىتا ئوخشاشمايدىغان پوزىتسىينى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جەمئىيەت تەرەققىيات قەدىمىگە ھەر خىل تەسىر كۆرسەتتى.

قىممەت پسىخىكىسى — ئادەمنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدىكى ئەمگەك قىممىتىنى تاللاشتىن شەكىللەنگەن پسىخىك تۈرىنىڭ ئاتىلىشى. ئۇ ئادەمنىڭ مەلۇم ئەمگەك ياراتقان ( يارىتىدىغان ) قىممەتكە قارىتا مەلۇم بىر خىل قىممەت قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ، يەنى بىر ئادەمدە قانداق خاراكتېردىكى قىممەت پسىخىكىسى بولسا، شۇ ئادەمدە شۇنداق قىممەت قارىشى ئىنكاس سۈپىتىدە شەكىللىنىدۇ.

ئىنسانلار شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك تۈرلىرى جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈر بويىچە ناھايىتى كۆپ تارماق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ھەر بىر خىل ئەمگەك مۇئەييەن قىممەت يارىتىدۇ. ھەر بىر خىل ئەمگەك تۈرىنىڭ يارىتىدىغان

قىممىتى ئوخشىشىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا ئەمگەك تۈرىنىڭ
ماددىي بايلىق قىممىتى، مەنىۋى (روھىي) بايلىق قىممىتى ۋە
ئۈنۈم قىممىتى بولىدۇ. ئۈنىڭ رولىدىن ئالغاندا ھازىرقى قىممىتى
ۋە كەلگۈسى قىممىتى بولىدۇ.

ماكان، زاماننىڭ ئەمگەك قىممىتىنى تاللىشى
ئوخشاشمايدۇ. ھەر بىر ماكاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ئەمگەك
قىممىتى ۋە قىممەتنىڭ بايلىق بولۇش دەرىجىسىگە بولغان پىسخىك
تاللىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. زاماننىڭ ئەمگەك قىممىتىگە، قىممەت
ياراتقۇچىلارغا بولغان تاللىشىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بىر زاماندا مەلۇم
بىر ئەمگەك قىممەت ياراتقان ھېسابلانسا، يەنە بىر زاماندا يەنە
بىر ئەمگەك چوڭراق قىممەت ياراتقۇچى ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.
ئوخشاشلا مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ ئورتاق قىممەت پىسخىكىسىدا
ئوخشاشمايدىغان پەرقلەر بولۇپ، ئەمگەك يارىتىدىغان ھەر خىل
قىممەتكە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.
مۇشۇنداق پەرقلەر بولغاچقا، مىللەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا،
ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىياتىدا چوڭ پەرقلەر كېلىپ
چىققان، بولۇپمۇ ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان ماددىي، مەنىۋى
(روھىي) بايلىق قىممىتىنى ئوبيېكتىپ تونۇيالىغانلارنىڭ
تەپەككۇرى چەكلىمىلىكتىن چەكسىزلىك ئىچىدىكى تەپەككۇرغا
كېڭىيىپ پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ،
باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن. ئەقلىي
ئەمگەك يارىتىدىغان ماددىي، مەنىۋى (روھىي) بايلىق قىممىتىنى
ئوبيېكتىپ ئورۇنغا قويالمىغان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا
قالغان، بەلكى قولغا كەلتۈرگەن ئىلىم - پەن، تېخنىكا
مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى ۋە

هازىرقى كەچۈرمىشلىرى ۋە قىممەتلىرىدە كېيىنكى هالەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ .

## 1

ماددىي قىممەت يارىتىدىغان جىسمانىي ئەمگەك تۈرلىرى ، ماددىي قىممەت يارىتىدىغان ئەقلىي ئەمگەك تۈرلىرى ھەم مەنىۋى ( روھىي ) قىممەت ( بايلىق ) يارىتىدىغان ئەقلىي ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ قىممەت ( بايلىق ) دەرىجىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ . ئۇنى يىغىنچاقلاپ تۆۋەندىكى تۈرلەردە كۆرسەتكىلى بولىدۇ .

1 . ماددىي ، مەنىۋى قىممەت ( بايلىق ) يارىتىدىغان ئەمگەك تۈرلىرى :

دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئەمگىكى يارىتىدىغان ماددىي بايلىق قىممىتى ؛

سانائەت ئەمگىكى يارىتىدىغان ماددىي بايلىق قىممىتى ؛

ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان ئىلىم - پەن كەشپىيات قىممىتى ؛

پەن - تېخنىكا مەشغۇلاتى يارىتىدىغان ئىختىرا قىممىتى ؛

ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان ئىجادىيەت قىممىتى ؛

يۇقىرىقى ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ يارىتىدىغان بايلىق قىممىتى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ . ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ، مىللەت ۋە مىللەت ئەزالىرىنىڭ ماددىي ، مەنىۋى ئېھتىياجىغا كۆرسىتىدىغان قىممەت ( بايلىق ) رولىمۇ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ .

2 . مەنىۋى ( روھىي ) بايلىق قىممىتى يارىتىدىغان ...

تۈرلىرى :
ئىلىم ئۆگىنىش ئەمگىكى ۋە ئۇنىڭ بايلىق قىممىتى ؛
ئىلىم ئۆگىنىش ئەمگىكى ۋە ئۇنىڭ بايلىق قىممىتى ؛
بىلىملىك ، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش ۋە ئەتىۋارلا...

قىممىتى ؛
تەرەققىيپەرۋەرلىك ، مەرىپەتپەرۋەرلىكنىڭ قىممىتى ؛
توغرا يېتەكچىلىك ، باشلامچىلىقنىڭ قىممىتى ؛
كوللېكتىۋىزىملىقنىڭ قىممىتى ؛
ۋاسىتىلىك ئەمگەك يارىتىدىغان مەنىۋى ( روھىي ) ...

قىممىتى .

مەنىۋى ( روھىي ) قىممەت يارىتىدىغان مەنىۋى ( رو...
ئەمگەك تۈرلىرى ماددىي قىممەت ( بايلىق ) يارىتىشنىڭ ئاسا...
تىكلەيدۇ ھەم ئۇنى مۇستەھكەملەيدۇ . ماددىي قىممەت يا...
ئۇستۇن ، مەنىۋى ( روھىي ) قىممەت يارىتىش ئۈۋەن ...
مىللەتنىڭ مەنىۋى ، ماددىي ساپاسى يۇقىرى بولمايدۇ . مەن...
( روھىي ) قىممەت ماددىي قىممەتكە يېتىشىپ ما...
جىسمانىي ، ئەقلىي ئەمگەك ياراتقان ماددىي قىممەت با...
ھازىرقى بايلىق قىممىتىدىن كەلگۈسى بايلىق قى...
ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ .

3 . ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە قىممەت يارىتىدىغان ئە...
( ۋاستە ) تۈرلىرى :
ۋاستىلىك ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەت ؛
ئىلىم - بىلىم ، ھۇنەر - تېخنىكىنىڭ قىممىتى ؛
ئەمەل - مەنسەپنىڭ قىممىتى ؛

شەخسنىڭ قولىدىكى ئارتۇق ئىقتىسادنىڭ قىممىتى؛
نام - ئاتاقنىڭ قىممىتى.

يۇقىرىقى ئەمگەك (ۋاستە) تۈرلىرى ئىجتىمائىيەتتە ئىككى ياقىلىمىلىققا ئىگە قىممەت يارىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئىدى: «بەس - مۇنازىرىسىز ئىلىمنىڭ، قىممەت ياراتمايدىغان مۈلۈكنىڭ ئورنى بولمايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ خىل ئەمگەك (ۋاستە) تۈرلىرى توغرا ئىشلىتىلسە، رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلسا مۇئەييەن قىممەت يارىتىدۇ؛ خاتا ئىشلىتىلسە ياكى رولى جارى قىلدۇرۇلمىسا يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان ئامىلغا ئايلىنىدۇ.

ئىنسانلار شۇغۇللىنىدىغان جىسمانىي، ئەقلىي ئەمگەك تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئوخشاشماسلىقى ئەمگەك تۈرلىرى يارىتىدىغان ماددىي، مەنىۋى ئەمگەك قىممىتىنىڭ سۈپەت، ئۈنۈم، بايلىق پەرقى ۋە ماددىي، مەنىۋى قىممەت پەرقى قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي (مەنىۋى) ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەتتە ھەم ماددىي، مەنىۋى بايلىق قىممىتىدە ئوبيېكتىپ قىممەت پەرقى بولىدۇ؛ ماددىي قىممەت يارىتىدىغان جىسمانىي ئەمگەك تۈرلىرى ئىچىدىكى بىر خىل ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەت بىلەن يەنە بىر خىل جىسمانىي ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەتتىمۇ قىممەت پەرقى بولىدۇ. ئوخشاشلا بىر خىل ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەت بىلەن يەنە بىر خىل ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەتتە مەلۇم ماددىي، مەنىۋى قىممەت پەرقى بولىدۇ. ئىككىنچى بىر ھالدا، بىر خىل جىسمانىي ئەمگەك يارىتىدىغان ماددىي قىممەت بىلەن ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان

مادىي ، مەنىۋى قىممەت ئوتتۇرىسىدا ئالدىنقى قىممەتتىن كى... ئەمگەك قىممىتىنىڭ قىممەت دەرىجىسى ئۈستۈن بولۇپ... جەمئىيەتكە ، كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان كەلگۈسى بايلىق قىممە... پاكى مەنىۋى ( روھىي ) بايلىق قىممىتى چوڭ بولۇشتەك ... بولىدۇ . ئەپسۇسكى ، ئىجتىمائىيەتتە بۇنداق قىممەتنى ئو... تونۇش ، قوبۇل قىلىشتا هازىرقى قىممەتنىلا ئەلا بىلىپ كە... قىممەتنى ئويلىماسلىق ، « ئەتىدىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى... ئەلا » دېيىشتەك هادىسىلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئۇچىس... هالدا ، بىۋاستە ئەمگەك ياراتقان مادىي ، مەنىۋى قىممەت... ۋاستىلىك ئەمگەك ياراتقان مادىي ، مەنىۋى قىممەت (... ئوتتۇرىسىدىمۇ ئوخشاشمايدىغان قىممەت پەرقى بولىدۇ . ... دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى ، جىسمانىي ئەمگەك يار... مادىي قىممەت بىلەن ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان مادىي ، ... قىممەتنى ، ۋاستىلىك ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەت (... بىلەن بىۋاستە ئەمگەك ياراتقان قىممەتنى بىر - ب... پەرقلەندۈرۈۋېلىش . بۇنى ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا سېلىشتۇ... بولمايدۇ . مەنىۋى ، مادىي قىممەت ئىچىدە جەمئىيەتكە ، م... ۋە شەخسكە پايدىلىق ئەمگەك قىممىتىمۇ بولىدۇ ، شە... پايدىلىق ، جەمئىيەتكە ، مىللەتكە هېچقانداق قىممەت بەرمە... ئەمگەك قىممىتىمۇ بولىدۇ . ۋاستىلىك ئەمگەك ئىچىدە ... مەنىۋى قىممىتى يۇقىرى ، ئادەتتىكىدەك هەم ئۇنۇمى... بولۇشتەك پەرقلەرمۇ بولىدۇ .

ئەمگەك ياراتقان ئەمەلىي قىممەتكە بولغان پسىخىك ... ئادەمنىڭ ئەمگەككە ، ئەمگەك ياراتقان ( يارىتىدىغان ) ئوبيې... قىممەتكە تۇتقان پسىخىك پوزىتسىيىسىدىن بەلگىلى...

پسخىك تاللاش بىر ئادەمدە شۇ خىل ئەمگەك قىممىتىگە قارىتىلغان مەلۇم بىر خىل ئېچكى ـ تاشقى ئامىللار ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان پسخىك ئامىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەمگەك ياراتقان قىممەتكە بولغان تاللىشى ۋە پسخىك ئىنكاسى ھەر خىل بولىدۇ. بۇ خىل تاللاش ۋە ئىنكاس رېئال تۇرمۇشتا بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان خاراكتېردە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر، ئاقىللار بىلەن نادانلار، ئەمگەكچىلەر بىلەن تەييارتاپلار (ئېكسپىلاتاتور ۋە غەيرىي ئېكسپىلاتاتورلار)، تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن مۇتەئەسسىپلەر، ئوبيېكتىپچىلار بىلەن سۇبيېكتىپچىلاردا بىر خىل ئوبيېكتىپ ئەمگەك قىممىتىگە بولغان پسخىك تاللاش قارىمۇ ـ قارشى بولىدۇ.

## 2

جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان ماددىي، مەنىۋى قىممەتنىڭ ئوخشاشماسلىقى ھەم ئادەمنىڭ قىممەتنى تاللىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقى قىممەت پسخىكىسىنى ئوبيېكتىپ قىممەت پسخىكىسى، سۇبيېكتىپ قىممەت پسخىكىسى ۋە تۇراقسىز قىممەت پسخىكىسى قاتارلىق ئۈچ خىلغا ئايرىغان.

ئوبيېكتىپ قىممەت پسخىكىسى ـــ ئادەمنىڭ پسخىك قۇرۇلمىسىدىكى ئوبيېكتىپ ئەمگەك ياراتقان (يارىتىۋاتقان) ئوبيېكتىپ قىممەتنى ئوبيېكتىپ تاللاشتىن ھاسىل بولغان پسخىك ئامىل. ئۇ، ئادەمدىكى بىۋاسىتە ئەمگەك (مەيلى جىسمانىي ئەمگەك ياكى ئەقلىي ئەمگەك بولسۇن) قىممىتى بىلەن ۋاسىتىلىك ئەمگەك قىممىتى، ئەقلىي ئەمگەك قىممىتى بىلەن جىسمانىي ئەمگەك

مەنىۋى بايلىق قىممىتى يارىتىش
قىممىتى، يۇقىرى ماددىي، مەنىۋى بايلىق يارىتىش
ئەمگەك بىلەن ئادەتتىكى ماددىي، ئەمگەك تۈرلىرىدىكى يۇقىرى ماددىي
ئەمگەك ھەمدە بۇ خىل ئەمگەك (ئۇنۇم) ياراتقۇچىلار بىلەن ئادەتتىكى
مەنىۋى قىممەت (ئۇنۇم) ياراتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ
تۈۋەن قىممەت پەرقىنى ئوبيېكتىپ تاللاشنىڭ مەھسۇلى
پەرقىنى ۋە قىممەت پەرقىنى ئوبيېكتىپ تاللاشنىڭ مەھسۇلى،
ئىنساندىكى چىنلىق سۈپىتىنىڭ ئىپادىسى.

ئوبيېكتىپ قىممەت پىسخىكىسىغا ئىگە ئادەمدە
ئېتىقادى، ۋەتەن - زېمىن ئېتىقادى، مىللەت، ئائىلە
ئېتىقادى قاتارلىق زۆرۈر ئېتىقاد تۈرلىرى تولۇق يېتىلگەن بول
ئۇلار «ۋەتەن، مىللەت، مەن» نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا
قىلىپ، توغرا كىشىلىك قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، ھەر
ئەمگەك ياراتقان (يارىتىۋاتقان) ئوبيېكتىپ قىممەتنى،
يارىتىۋاتقان قىممەتنى ۋە باشقىلار يارىتىۋاتقان قىممەتنى، قىم
پەرقىنى ئوبيېكتىپ ۋە توغرا تاللىيالايدۇ. ئىقتىدار بىلەن قىمم
ھوقۇق بىلەن قىممەت، باشقۇرۇش بىلەن قىممەت، بويسۇ
بىلەن قىممەت قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبيېكتىپ بىر
قىلالايدۇ.

ئوبيېكتىپ قىممەت پىسخىكىسى ئىنسان خ
مىجەزىدىكى ئەڭ ئىلغار پىسخىك ئامىل. ئادەم، م
پىسخىكىسىدا بۇنداق قىممەت پىسخىكىسى ئورۇن ئالسا،
مىللەتنىڭ يەككە، ئورتاق، مەنىۋى، ماددىي ساپاسى يۇ
كۆتۈرۈلىدۇ. ھەر خىل ئىش - ئەمگەك (ۋاستە) تۈرلىر
قىممەت (بايلىق، ئۇنۇم) يارىتىش دەرىجىسى ئاشىدۇ. ئوبيېك
قىممەت پىسخىكىسىغا ئىگە ئادەمنىڭ تەپەككۇرى كەڭ ۋە چو

بولىدۇ. ئۇلار ماكان، زاماندىن ھالقىپ پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ ھەم قىممەتنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى بايلىق قىممىتىگە توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ. بىراق، بەزى ھاللاردا بۇ خىلدىكى ئادەملەر مىللەت ئىچىدە چەتكە قېقىلىش، زەربىگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمىسىمۇ ئۇلارنىڭ يۈزى ھامان يورۇق بولىدۇ، ياراتقان ئەمگەك قىممىتى ئۆلمەيدۇ.

سۇبيېكتىپ قىممەت پسىخىكىسى — ئادەمدىكى ئەمگەك قىممىتىنى تاللاشنىڭ سۇبيېكتىپلىقىدىن شەكىللەنگەن پسىخىك ئامىل. ئۇ رېئال تۇرمۇشتا مۇرەككەپ ئامىللارغا باغلىنىدۇ، ئىپادىلىنىدىغان پسىخىك خاراكتېرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

سۇبيېكتىپ قىممەت پسىخىكىسىنى خاراكتېرى ۋە ئوبيېكتى بويىچە ئىككى تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئادەمنىڭ ئەمگەك قىممىتىنى تاللىشىدىكى تەپەككۇرنىڭ قاتمال، قالاق ياكى رەزىللىكىدىن شەكىللىنىدۇ. ئۇ قىممەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسى بار - يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇش، قىممەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى پايدىسىنى مۆلچەرلەش، ماددىي قىممەتنى مەنىۋى بايلىق قىممىتىدىن ئەلا كۆرۈش، ئەمگەك قىممىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىق قاتارلىق تۆت تۈردە ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئادەم پسىخىكىسىدا شەكىللەنگەن ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە قىممەت ياراتقۇچىغا بولغان پوزىتسىيىسىدىن شەكىللىنىدۇ. ئۇ قىممەت ياراتقۇچى ئادەمنى كۆزدە تۇتۇش، قىممەت ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ياكى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارىشىنى ئاساس قىلىش، ئۆزى ياراتقان قىممەتنى بارلىق قىممەت ( بايلىق، ئۇنۇم ) ئۈستىگە قويۇش قاتارلىق ئۈچ تۈردە ئىپادىلىنىدۇ.

سۇبيېكتىپ قىممەت پسىخىكىسى ئىنساندىكى ناچار پسىخىك

ئامىللاردىن شەكىللىنىدۇ ھەم بۇ خىل ناچار پسىخىك ئامىللارنى كۆپەيتىپ شاخلىتىدۇ. سۇبيېكتىپ قىممەت پسىخىكىسى ئادەم، مىللەتتە ئورۇن ئالسا ئادەم، مىللەتنىڭ مەنىۋى، ماددىي ساپاسى تۆۋەنلەيدۇ: جەمئىيەت، مىللەتكە پايدىلىق ئەقلىي ئەمگەك بايلىق قىممىتى يارىتىدىغانلارنى چەتكە قېقىش، شەخسىي مەنپەئەتنى، غەيرىي دىتلىرىنى ئوبيېكتىپ قىممەت ئۈستىگە قويۇش ھالىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ ھال مىللەتنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى بوغۇپ، ئىقتىسادىي نامراتلىق ۋە روھىي نامراتلىقنى كۈچەيتىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى چەكلەيدۇ.

تۇراقسىز قىممەت پسىخىكىسى — ئادەم پسىخىك قۇرۇلمىسىدىكى مەلۇم بىر خىل ئەمگەك قىممىتىگە ۋە قىممەت ياراتقۇچىغا بولغان تاللاشنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىن شەكىللىنىدىغان پسىخىك ئامىل. تۇراقسىز قىممەت پسىخىكىسى خاراكتېرى جەھەتتىن سۇبيېكتىپ قىممەت پسىخىكىسىنىڭ ئىككىلەمچى ھالىتى، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلىق پسىخىكىسىنى مەنبە قىلغان پسىخىك ئاجىزلىقنىڭ ھاسىلاتى، شۇنداقلا ئادەمدىكى ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ، ساختىلىقنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا ئۇ، ئادەتتە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلىق پسىخىكىسىغا ئىگە ئادەمدە ۋە باشقۇرغۇچىلاردا كۆپرەك شەكىللىنىدۇ.

تۇراقسىز قىممەت پسىخىكىسى كىشىلەرنىڭ قىممەت پسىخىكىسى ۋە قىممەت قارىشىنى ئوبيېكتىپلىقتىن سۇبيېكتىپلىققا ئۆزگەرتىدىغان ئامىل. ئۇ جەمئىيەتكە، مىللەتكە ماددىي، مەنىۋى قىممەت (بايلىق، ئۈنۈم) ياراتقۇچىلارنى كاردىن چىقىرىدۇ، قىممەت يارىتالمايدىغانلارنى لەپكە ئېرىشتۈرىدۇ؛ مىللەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ ھەمدە مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى

خۇنۇ كلەشتۈرىدىغان قىسمەتنى پەيدا قىلىدۇ.

## 3

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەككە، ئەمگەك قىممىتىگە بولغان پىسخىك ئاللىشنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ — ماددىي، مەنىۋى بايلىق قىممىتىنى قولغا كەلتۈرۈش باسقۇچى (ئۇ، ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇنىڭدىن 3 ~ 5 مىڭ يىل ئىلگىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى ئىچىگە ئالىدۇ). ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ سادىدا تەبىئەت چۈشەنچىلىرى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ياردىمىدە، ئۆزى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك ماكانىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ھاياتلىققا ئېھتىياجلىق ماددىي، مەنىۋى قىممەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. چارۋىلارنى كۆندۈرۈش، نەسلىنى ياخشىلاش، ئاشلىق تېرىش، دان يانجىش، يۇڭ - يىپەك ئىشلەش، مېۋە يېتىشتۈرۈش، تىبابەتچىلىك قاتارلىقلاردا بايلىق قىممىتى يارىتىش سەۋىيىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلار بۇ خىل ماددىي، مەنىۋى بايلىق قىممىتىنى يارىتىشتا باشقا رايونلاردىن كۆپ ئىلگىرى بولغان.

ئىككىنچى باسقۇچ — ئەقلىي ئەمگەك قىممىتى يارىتىش باسقۇچى (ئۇ مىلادى Ⅷ ئەسىردىن X V ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتنى ئىچىگە ئالىدۇ). ئەجدادلىرىمىز ئىدىقۇت، قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدە، دەسلەپتە قولغا كەلتۈرگەن سىنىپىلىك، سادىدا ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى ۋە ماددىي بايلىق

قىممىتى ئاساسىدا ئىلىم - پەننىڭ ماددىي، مەنىۋى بايلىق قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ھەم زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت، تىلشۇناسلىق، مەتبەئەچىلىك، مائارىپ، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق، مۇنەججىملىك ساھەلىرىدە نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر، تەرجىمانلار، كەشپىياتچىلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماددىي، مەنىۋى ئەمگەك قىممىتى بايلىقى بىلەن جاھانغا مەشھۇر «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان ھەمدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق مەشھۇر نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ مىللىتىمىزنى جاھانغا تونۇتقان.

ئۈچىنچى باسقۇچ — جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن باسقۇچ. يەنى ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ماددىي، مەنىۋى بايلىق يارىتىش قىممىتىنى چەكلەش ياكى ئۇنىڭدىن چەتنەش باسقۇچى (ئۇ مىلادى XVI ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتنى ئىچىگە ئالىدۇ). سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە «ئاپپاق خوجا» ۋەكىللىكىدىكى ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش، مال - دۇنيا توپلاش ۋەسۋەسىسىگە بېرىلگەن كەلگۈندى سولچىل سوپىزمچىلار «قۇرئان كەرىم» دىن باشقىسى ئىلىم ئەمەس دېگەن سۇبيېكتىپ قىممەت پىسخىكىسى مەنبە قىلىنغان ئازدۇرغۇچى شۇئارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىلىم - پەن مۇئەسسەسەلىرىنى، كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى، ئىلىم - پەن ئوچاقلىرىنى ۋەيران قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى بىلەن شىڭشىسەي خەلقنى نامراتلىق، نادانلىق، قالاقلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، بىزدە ئىلىم - پەن، مائارىپ

ئىشلىرىنىڭ قىممەت يارىتىش ئەمگىكى قاتارىدىن قايتا ئورۇن ئېلىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغان. مىللەت ئىچىدىكى ئاچكۆز بايلار، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھامىيلىقىدا ئالىملار، مەرىپەتپەرۋەرلەرنى قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوقاتقان. ئاۋام خەلق سوپىلارنىڭ داشلىرىدىكى ئوماچقا كۆندۈرۈلگەن. بۇ قاباھەتلىك چۈش ھازىرمۇ بىزنىڭ ئېڭىمىز ۋە پسىخىكىمىزغا سايە تاشلاپ كېلىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى قىممەت پسىخىكىمىزنىڭ يەككە ۋە ئومۇمىي ھالىتىگە قارايدىغان بولساق، سۇبيېكتىپ ۋە تۇراقسىز قىممەت پسىخىكىسى كەڭ يامرىغان ھەم يىلتىز تارتقان. ئاددىي ئەمگەكچىلەر پەرزەنتلىرىنى بىلىم ئېلىشقا بېرىشتىن ئەمگەككە سېلىشنى ئارتۇق كۆرىدۇ. ئۇلار نېمىنىڭ چوڭ قىممەت يارىتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ياكى بىلىشنى خالىمايدۇ. زىيالىيلار، مائارىپچىلار، كادىرلار ئىچىدىكى قىممەت پسىخىكىسى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. تازا دىققەت بىلەن قارىساق، بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئالىملار، مەشھۇر ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، مائارىپچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ئاز ئەمەس. ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام ئىچىدىمۇ يەنە نۇرغۇن بىلىملىك، ئىختىساسلىق ئادەملەر بار. ئەمما زىيالىيلار، مائارىپچىلار، كادىرلار ۋە باشقا ساھەدىكىلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان سۇبيېكتىپ ۋە تۇراقسىز قىممەت پسىخىكىسى تۈپەيلىدىن ئالىملار، مائارىپچىلار، ئەدىبلەر ھەم بىلىملىك، ئىختىساسلىق ئادەملەر ھەقىقىي ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بەلكى «سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا چاققان ئەزىز» قىسمىتى يۈز بېرىۋاتىدۇ. ستودىنتلىرىمىز بىلىم ئىگىلەشتىن دىپلوم ئېلىشنى ئەلا بىلىدىغان؛ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلاردا نومۇرنى سوۋغات،

داستىخانغا بىقىپ قويىدىغان خاھىش باش كۆتۈرمەكتە . بىر قىسىم باشقۇرغۇچىلار قىممەت ( ئۆنۈم ) نى خۇشامەتلىك ، داستىخان ، ئىجتىمائىي سوپەت بىلەن ئۆلچەيدىغان ؛ ھەتتا ساختىپەز ، داپيۈز ، ئىككى يۈزلىمىچى ، يالغانچى ، بۇزغۇنچىلارنى قىممەت ياراتقۇچى ھېسابلايدىغان قىممەت پسىخىكىسىغا ھامىلدار بولدى . بىر قىسىم پۇلدارلار پۇلنى كەيپ - ساپاغا ، توي - نەزىرنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشكە ، ئۆينى چاكىنا بېزەپ ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىشتەك قىممەت پسىخىكىسى پاتقىقىغا پاتتى . بەزىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ھوقۇق - ئىمتىياز ، تۆر - داستىخان ، ھايان - مەنپەئەتكە ئاغدى . جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر « پۇل بولسىلا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ، بىلىمنىڭ قانچىلىك قىممىتى بار » دېيىشىپ ، بىلىملىكلەر ، ئىقتىدارلىقلاردىن ئىبارەت قىممەت ياراتقۇچىلارنى يامان كۆرىدىغان ، چەتكە قاقىدىغان تراگېدىيىنى ئوينىماقتا . بۇ بالا - قازانىڭ شەپىسى .

بىزگە ئەقلىي ئەمگەك يارىتىدىغان قىممەتنى ئەلا بىلىدىغان ، جەمئىيەت ، مىللەتكە ھەقىقىي ئەمگەك قىممىتى يارىتىدىغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ، ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان ئوبيېكتىپ قىممەت پسىخىكىسى بەكمۇ زۆرۈردۇر .

# II بىر قىسىم پسىخىك ئاجىزلىقلار

## 1. تەمەخورلۇق

تەمەخورلۇق — ئىنسان پسىخىكىسىدىكى غەيرىي نورمال روھىي ھالەتنى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرىنى ئىچىپ بېرىدىغان ئاتالغۇ. «تەمە» — مەلۇم بىر ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدىكى مېھنەت سىڭدۈرمەي ئەقلىنى، زېھنىنى ئىشلەتمەي، ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان بايلىق، ئىقتىدار، ھوقۇق - ئىمتىيازنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنى قوغلىشىش روھىي ھالىتىگە قارىتىلغان. تەمەخور — تەمە پسىخىكىسىنى يۇقتۇرۇۋالغان ھەم ئۇنى ھەرىكىتىدە ئىپادىلىگەن ئادەمنى كۆرسەتسە؛ «تەمەخورلۇق» تەمە پسىخىكىسىنىڭ مەلۇم ئادەم تەرىپىدىن ئىش - ھەرىكەتكە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانلار پەيدا بولغان دەسلەپكى چاغلاردا تەمە ۋە تەمەخورلۇق بولمىغان. كېيىنكى زامانلاردا غەيرەت - شىجائىتىگە تايىنىپ تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىدىغان، ئۆز كۈچى، قابىلىيىتى، تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ماددىي بايلىق يارىتىدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە، غايىبتىن، تەبىئەتتىن بايلىق تەمە قىلىدىغان ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئالدىنقى خۇسۇسىيەتتىكىلەر كېيىنكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتقان بولسا،

خۇسۇسىيەتلىرىدىكى تەييارتاپلىق، ھۇرۇنلۇق بىلەن ياشىغان. ئىنسان تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى نادانلىقتىن پەيدا بولغان تەمە، كۆپ قاتلاملىق تەمەخورلۇققا يۈزلەنگەن. تەمەخورلۇقنىڭ بىزدىكى پىسخىك ھالىتىگە قاراپ، ئۇنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) غايىب (تەڭرى، ئىلاھ) تىن تەمە قىلىش؛

(2) تەبىئەتتىن تەمە قىلىش؛

(3) پۇلدارلاردىن تەمە قىلىش؛

(4) باشقۇرغۇچىلاردىن تەمە قىلىش؛

(5) بويسۇنغۇچىلاردىن تەمە قىلىش؛

(6) ھەرقانداق ئادەمدىن تەمە قىلىش.

تەمەخورلۇق — ئادەم تەبىئىتىدىكى روھىي ئاجىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، «تەمە كېسىلى» گە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ تالىلىشىدا ئىش - ئەمگەكنى سۆيۈش ئېتىقادى، ئالغا ئىنتىلىش غايىسى، يېڭىلىق يارىتىش — بايلىق يارىتىش تىرىشچانلىقى، ئۆزىگە (ئىقتىدارى) غا تايىنىش غۇرۇرى ئاجىز ياكى يوق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىگە خۇشامەت، تەخسىكەشلىك، قاششاقلىق، بەدقىلىقلىق، ئىككىيۈزلىمىلىك، ئاچكۆزلۈك، بەدنىيەتلىك، بېخىللىق، ھارامخورلۇق، قانائەتسىزلىك قاتارلىق ئىللەتلەر مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان تەمەخورلۇقنىڭ ئىپادىلىرى ھەر خىل بولىدۇ. بىر قىسىم پارازىتلار ئەزگۈچىلەردىن ئىقتىساد، ھوقۇق ئىمتىياز تەمە قىلىپ، ئەمگەكچىلەرگە زورلۇق -

زومبۇلۇق قىلغان. يەنە بەزىلىرى هوقۇق، بايلىق ياكى هاۋايى - هەۋەسىنى قاندۇرۇش تەمەسىدە ئۆزگىلەرگە، ياتلارغا، زالىملارغا يالدانغان، هەتتا بەزىلىرى هوقۇق، بايلىق تەمەسىدە دۈشمىنىگە باش ئەگكەن.

هازىرقى دەۋردىكى تەمەخورلۇقنىڭ ئىپادىلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە رەزىل بولۇپ، بۇنى مۇنداق ئىپادىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق هۈنىرىنى تۆهپە سىناش؛ سوۋغات، داستىخان تۇتۇپ قىلىتىقىغا ئىلىندۇرۇش؛ بويسۇنغۇچىلاردىن داستىخان، پارا ئېلىش؛ قوبۇل قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، هەل قىلىشنى باهانە قىلىپ پارا ئېلىش؛ ئەمەلدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋراڭ قىلىپ ئۆزىگە بويسۇنۇشنى تەمە قىلىش؛ داستىخان سېلىپ نەپ ئېلىش؛ سالاهىيىتى، سالاپىتىنى دەسمايە قىلىپ نەپ ئېلىش؛ يامانلىق، زىيانكەشلىك قىلىپ باش ئەگدۈرۈش؛ كىچىككىنە ئىشقا چوڭ ئىلتىپات ئېلىش؛ قىل ئۆتكۈزمەي پىل ئېلىش؛ هال - كۈنى ياخشى تۇرۇپ كەمبەغەلدىن «زاكات» ئېلىش قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نائۇستا هۈنەرۋەنىنىڭ كور خېرىدار تىلىشى؛ يالغانچىنىڭ دۆت بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىشى؛ بىلىمسىز خوجايىنىنىڭ خادىمىنىڭ دۆت بولۇشىنى، نادان بولۇشىنى كۈتۈشى؛ كۆرەڭنىڭ ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇپ شائىر ئاتىلىشنى كۈتۈشى؛ بەدنىيەتلەرنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ قانۇنلۇق سانىلىشنى تىلىشى؛ ئۆزىنىڭ باي بولۇشنى، ئۆزگىنىڭ نامراتلىششىنى كۈتۈشى؛ ئۆزىنىڭ سالامەت، ئۆزگىنىڭ بالا - قازاغا ئۇچرىشىنى تىلىشى؛ ئاچكۆزنىڭ ئاش يەپ پۇل

بەرمەسلىكى ؛ هارامخورنىڭ خەقنىڭ مۈلكىنى تارتىۋېلىشى ۋە غايىبانە بايلىق ئۇچرىتىشنى خىيال قىلىشى قاتارلىقلار .

تەمەخورلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى رەزىل ۋە مۈرەككەپ بولىدۇ ، بەزى تەمەخورلار كۆتكەن مەقسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ، بىر مەھەل ئالىيجاناب قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ . بىراق « تەمەخورنىڭ قازىنى تولماس » دېگەندەك ، تەمەخورلار ئۆزىنىڭ تەمەسىنى قاندۇرغان ئادەمنى « نان » دىن قۇرۇق قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ .

تەمەخورلۇقنىڭ كەلتۈرىدىغان ئاقىۋىتىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ . غايىبتىن ، تەبىئەتتىن تەمە قىلىش ئادەمنى نادانلىق ، قالاقلىق ھەم خۇراپاتلىق ئازگىلىغا ئىتتىرىدۇ . پۇلدارلاردىن ، ھەرقانداق ئادەمدىن تەمە قىلىش ئادەمنى هارامخورلۇققا ، قانائەتسىزلىككە ، ئاچكۆزلۈككە مۈپتىلا قىلىدۇ . باشقۇرغۇچىدىن ، بويسۇنغۇچىدىن تەمە قىلىش ئادەمنى خۇشامەتكويلۇققا ، بەدنىيەتلىككە باشلاپ ، ئاخىرىدا ھىيلە - مىكىر ، سۇيىقەست ئىشلىتىشكە ئېلىپ بارىدۇ .

تەمەخورلۇقنىڭ مىللەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىمۇ چوڭ بولۇپ ، ئۇ ، مىللەت ئەزالىرىدىكى گۈزەل ئەخلاقنى ئاجىزلىتىپ ، خۇنۈكلەشتۈرۈپ ، شەخسىيەتچىلىك ، ھەسەتخورلۇق ، ساختىپەزلىكنى ئۇلغايتىدۇ . مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاجىزلىتىپ خاس ئۆرپ - ئادەتنى يوقىتىدۇ . ئاخىرىدا مىللەت ئەزالىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېتىقادى ، تۇرمۇش ئېتىقادى يوقىلىشقا يۈزلىنىپ ، ئىقتىسادىي سەۋىيىسى تۆۋەنلەيدۇ . دېمەك ، تەمەخورلۇق مىللەتنىڭ تېنىگە چاپلاشقان مەنىۋى راك ھۈجەيرىسى بولۇپ ، مىللەتنىڭ قەلبىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ ، ئوبرازىنى

خۇنۇكلەشتۇرۇپ، غۇرۇر، غايە ۋە ئېتىقادتىن مەھرۇم قىلىپ ئادەمنى خارلىق چۆلىگە تاشلايدۇ.

## 2 . نادانلىق

نادانلىق ــ « نادان » سۆزىگە « لىق » قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسالغان سۆز بىرىكمىسى . « نادان » ــ ئادەم پىسخىكىسىدىكى روھىي ئاجىزلىقنى ، « نادانلىق » ــ ئادەمدىكى ئاشۇ روھىي ئاجىزلىقنىڭ رېئال ئىش ـ ھەرىكەتتىكى ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ .

ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئادەملەر تەبئىي ھالدا « ئاقىل » ۋە « نادان » دەپ ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ كەلدى . ئاقىللىق ۋە نادانلىق بىر ئادەمنىڭ ئەقلى ، تەپەككۇر ئىقتىدارى ، ماكان ، زامان چۈشەنچىسى ، ماكان ، زاماننى ھاياتلىققا بىرلەشتۈرۈش ئېڭى ، ئائىلە ، مىللەت ، ۋەتەنگە بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ، ئۆزىنىڭ قىممىتى ، رولىغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇقۇمى ، بۈگۈن ۋە ئەتىگە بولغان قارىشى قاتارلىقلاردىكى تاللىشى ۋە ئىنكاسىغا قاراپ ئايرىلىدۇ . ئاقىللىق ــ ئادەمدىكى بىر خىل روھىي تاكاموللۇق ، نادانلىق ــ روھىي جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ گادايلىق ھېسابلىنىدۇ . ئاقىل ئادەم ئائىلە ، مىللەت ، ۋەتەنگە بولغان ساداقىتى بىلەن ماكان ، زامان مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ ، شۇ زامان ، شۇ ماكاندا مىللەتكە ، ۋەتەنگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ . ئۆز شەخسىيىتىنى ھەرگىز ئائىلە ، مىللەت ، ۋەتەن مەنپەئىتى ئۈستىگە قويمايدۇ ، ئۆزىنىڭ

قىممىتىنى، قانچىلىك ئىقتىدارى بارلىقىنى، قانچىلىك تۆھپە يارىتالايدىغانلىقىنى ئاساسەن توغرا باھالىيالايدۇ ۋە شۇ بويىچە ئىش تۇتىدۇ. نادان ئادەملەر ئائىلە، مىللەت، ۋەتەن مەنپەئىتىنى ماكان، زامان بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ئىش قىلغاندا ھامان شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ. ھېچقانچە ئىقتىدارى بولمىسىمۇ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، خاتا پىكىر، زىيانلىق قىلمىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا ھەمىشە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن. پۇلى كۆپەيگەنسېرى نادانلىشىدۇ، ئەگەر ھوقۇققا ئېرىشىپ قالسا باشقىلارغا قارىتا رەھىمسىزلىشىدۇ؛ ئالدىراپ - تېنەپ قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈپ، ياكى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ ئىش قىلىپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

نادانلىق ـــ ھەر بىر مىللەت ئاھالىسى ئىچىدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت ئىللەت بولۇپ، بەزى مىللەت ئاھالىسىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، بەزى مىللەت ئاھالىسىدە تارقىلىشى ئاز بولىدۇ. بەزى كىشىلەردە ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولسا، بەزى كىشىلەردە ئازراق مەۋجۇت بولىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن خالىي بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى مىللەتلەر نادانلىقتىن خېلى بۇرۇن قۇتۇلغان بولسا، بەزى مىللەتلەردە نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىزدەش ئىرادىسى ئاجىز بولۇشتەك پەرقلەرمۇ بولىدۇ.

نادانلىقنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئۇلغىيىشىدا مىللەت ئەزالىرى ئىچىدە ساقلانغان ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، تەمەخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، جاھىللىق، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك ۋە شەھۋەتپەرەسلىك قاتارلىق روھىي ئاجىزلىقلارنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، بۇلار شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي پسىخىك

قۇرۇلمىسىدىكى تارىخىي پىشىك ئاجىزلىقلىرىنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۆزگەرتىش سەۋىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۆزىمىزگە كەلسەك، نادانلىقنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئىپادىلىرىنى ئىلگىرىكى زاماندىكى ھالىتىمىز ۋە ھازىرقى ھالىتىمىزدىنمۇ خېلىلا كۆپ تاپالايمىز. مەسىلەن، ھازىر بەزى كىشىلەردە پۇلى كۆپەيسىلا ئىسراپچىلىق، بەتخەجلىكنى مىللەتنىڭ خاس ئۆرپ - ئادىتى ئۈستىگە دەسسىتىدىغان، تۇرمۇشى سەل ناچار بولسىلا جاھىللىشىپ ئاڭقاۋلۇق قىلىدىغان، كىچىككىنە ئىمتىياز، ھوقۇققا ئىگە بولسىلا، قول ئاستىدىكىلەرگە ۋە باشقىلارغا غەيرىي مۇئامىلە قىلىدىغان ئىللەتلەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. گەرچە بۇ خىل نادانلىق قىلمىشلىرى ئايرىملىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى چوڭ بولۇپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

## 3 . قالاقلىق

قالاقلىق ــ ئىنسان تەبىئىتىدىكى غەيرىي نورمال پسخىك
هالەت ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى مۇرەككەپ . ئۇ جاھىللىق
پسىخىكىسى بىلەن يىلتىزداش كېلىدۇ ، شۇنىڭدەك نادانلىق، ھەم
خۇراپاتلىق ئىللەتلىرىگە چېتىلىدۇ . قالاقلىققا پېتىپ قېلىشنىڭ
ئۇھىم بىر سەۋەبى مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولسا ، ئۇنى
ەلۇم ئىرسىيەتلىك ئامىلنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقى ياكى مىللىي
يكىنىمىچىلىكنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى
ولمايدۇ . شۇڭلاشقا قالاق ھالەتتە قالغان مىللەت ، ئادەمنىڭ
سىخىكىسى ۋە ھەرىكىتىدە « ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە
ەلا » دەيدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، ماكان
ەرەققىياتىنى ئويلىماسلىق ، زاماندىن بىخەۋەر ياشاشتەك ھالەت
اۋام قىلىدۇ . قالاقلىقنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى مۇنداق بولىدۇ:
ونىلىققا ئېسىلىۋېلىپ ، يېڭى شەيئى ، يېڭى تېخنىكىغا پاسسىپ
وزىتسىيىدە بولۇش ، ھەتتا قارشى تۇرۇش ؛ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش
ۇسۇلى ، ئىلغار پىكىرلەرگە تاقابىل تۇرۇش ؛ بىرەر ئىشقا ،
ەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ماكان ، زاماننىڭ بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى
ەرەققىياتى ، مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي ، ئۆتكەن زامان ئېڭى ۋە
ۆتكەن زامان پىكىر قىلىش ئەندىزىسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش
ە شۇ بويىچە ئىش قىلىش ؛ ئۆزىگىلا پايدىلىق ، مىللەتكە زىيان

يەتكۈزىدىغان تۇرمۇش رىتىمى ، ۋاقتى ئۆتكەن ناچار تۇرمۇش ئادىتىگە يېپىشىۋېلىش ؛ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ، يېتەرسىزلىكىنى تونۇماسلىق ؛ ئائىلە ، مىللەتنىڭ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەي كۈن ئۆتكۈزۈش ؛ پۇل تېپىش ، تاپقان پۇلنى تىقىپ ساقلاش ھەلەكچىلىكىدىلا يۈرۈش قاتارلىقلار . بۇنىڭ بىلەن قالاقلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلار ئۆزىنىڭ ئائىلە ، مىللەت ھەم ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسىگە قانچىلىك زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ .

قالاقلىق روھىي ھالىتىنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىغاندا ، بىزدىن پەرزەنتلەرنى ئوقۇتماسلىق ، مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ، تۇرۇبا سۈيىنى « كۈن كۆرمىگەن » دەپ ، بۇلغانغان سۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچىش ؛ ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ئۇسۇلىدىن كېچەلمەسلىك ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىنتىلمەسلىك قاتارلىق ھالەتلەرنى تاپقىلى بولىدۇ .

ئەمما ، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ پەرقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە ، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش بىلەن مىللىي ئەنئەنە ( مەدەنىيەت - سەنئەت ، ئۆرپ - ئادەت ) لەرنى چەتكە قېقىش ، ئۆزگەرتىش ھالىتىنى پەرق قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك .

# 4. خۇراپاتلىق

خۇراپاتلىق ئادەم ئېڭىدىكى غەيرىي تەبىئىي چۈشەنچىلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ستىخىيىلىك ھەم مەلۇم مۇددىئادا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، ھەر خىل دىنلاردىكى بەزى ئىدىيال چۈشەنچىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلغان ئەبجەش قاراشلارنىڭ ئادەم ئېڭىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. خۇراپاتلىق دىنىي ئېتىقادتىن پەرقلىنىدىغان ئۇقۇم ۋە ھادىسە. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەندە دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقىنى بىلمەي ئىككىسىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇشتەك خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا نۇرغۇنلىغان دىنلار بار بولۇپ، بۇ دىنلارنىڭ ئوخشىشىدىغان، ئوخشاشمايدىغان تەلىماتلىرى، قائىدىلىرى بار. بۇ دىنلار ئۆز ئېتىقادچىلىرىنى قائىدە - ئەمەللىرى ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن يېتەكلەپ يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇراپىي قاراشلار بىر خىل دىنىنىڭ تەبىئەت، ھاياتلىق قارىشىنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى ئۇ، مەلۇم ئادەم، مەلۇم شەيئىگە ياكى مەلۇم ئادەم تەرىپىدىن ئورۇندىلىدىغان سىرلىق قىلىقلارغا چوقۇنۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر تىلەككە يېتىشنى كۈتۈشتەك ئاڭ ۋە ھەرىكەتتە بولۇش دېمەكتۇر.

خۇراپاتلىق ئاشۇنداق خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىلەرنى

نادانلىق ، قالاقلىق ھالەتلىرىگە گىرىپتار قىلىپ ، قورقۇنچاق ، ھۇرۇن ، مۇتەئەسسىپ روھىي ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. خۇراپاتلىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دىنىي ئېتىقاد ، تۇرمۇش ئېتىقادى ۋە غايە ئېتىقادى قاتارلىقلاردىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىنسانلار ئېڭىدا خۇراپىي قاراشلار بولمىغان. ئىنسانلار دەسلەپتە ئۆزىنى بېقىۋاتقان زېمىن ، ئۆسۈملۈك ، سۇ ۋە جانىۋارلارنى ئۇلۇغلاپ ئۇلارغا تېۋىنىغان. كېيىن يەنە ئانىلار ، ئاتىلارغا چوقۇنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر ئىقتىدارى گۆدەكلىك باسقۇچىدا تۇرغاندا شەكىللەنگەن ئىنتايىن گۈزەل ، ساپ چۈشەنچە بولۇپ ، ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگىنى پانتېزملىق دۇنيا قاراش ئىدى.

ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ ئاخىرىدا ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن يېرىم ئىپتىدائىي ، يېرىم نەزەرىيىلەشكەن دۇنياۋى دىن شامان ( قامان ) دىنىدا ئاساس قىلىنغىنى پانتېزملىق دىنىي چۈشەنچە بولمىسىمۇ ، كېيىنچە دىن يېتەكچىلىرى بولغان شامان ، باخشىلارنىڭ ئۆزىنى سىرلىقلاشتۇرۇش ، ئىلاھىيلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان غەيرىي ئۇقۇملىرى كىشىلەر ئېڭىدىكى روھ چۈشەنچىسى بىلەن بىرىكىپ دەسلەپكى خۇراپىي قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان ، ھەمدە جىن ، ئالۋاستى ، روھلارنىڭ تەسۋىرى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. « جىن ـ ئالۋاستى » ئۇقۇمى ئىنسانلار ئېڭىدىكى خۇراپاتلىقنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولغان.

ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى ئىنسانلار كىچىك ـ كىچىك توپ بولۇپ مەلۇم جايىنى ماكان قىلىپ ئوۋچىلىق بىلەن ھايات

كەچۈرگەن ، ئوۋ قىلىشتا يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مۇداپىئەلىنىش ،
يات كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، نىقابلىق ئوۋ
قىلىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان . ئىنسان توپلىرىنىڭ بەزىلىرى
باشلىرىغا ھايۋانلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى ، مۈڭگۈزلىرىنى تاقاپ ،
بەزىلىرى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى بەدىنىگە يۆگەپ ئوۋ
قىلغان . يەنە بەزىلىرى يۈزلىرىگە ھەر خىل شەكىل ـ رەڭدىكى
نىقابلارنى تارتقان . ئوۋدا نىقاب ئىشلىتىش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە
ئورتاق بولۇپ قالغان . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭمۇ خاس
نىقابلىنىپ ئوۋ قىلىش ئۇسۇلى بولغان . ئۇلار ئوۋ غەلىبىسىنى
نامايان قىلىش ئۈچۈن « نىقابلىق ئوۋ قىلىش ئۇسۇلى »
( دەسلەپكى ئۇسسۇل ) نى ئىجاد قىلغان . بەزى چاغلاردا ئىنسان
توپلىرىدا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ توپلىشىپ قىلغان ھۇجۇمىغا
ئۇچراپ تالاپەت تارتىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلۈپ تۇرغان .
ھەممىدىن ئېغىرى ، تەبىئىي ئاپەت ياكى ئوۋ قىلالماي ئاچ قالغان
ئىنسان توپلىرى ياكى بۇلاڭچىلىق ، قىرغىنچىلىقنى تالىشىۋالغان
ئىنسان توپلىرى باشقا ئىنسان توپلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئادەم
ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇرغان .
قەدىمكى كۇچار تىلىدا يېزىلغان « چاستانى ئىلىگ بەگ »
ھېكايىسىدىكى « ئۇ جىنلار ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ ، قېنىنى
ئىچىپ ، ئۈچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋالغان ئىدى . ئۇلار
چىرايلىرىنى ( ئادەم ) قورقۇدەك كۆپكۆك قىلىپ ، يامان ( ۋە )
قاتتىق ئۈن بىلەن چىرقىرىشاتتى ... ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى
مۈرىسىگە چۈشۈرۈپ ، زەھەرلىك يىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى
يۆگەپ ... » دېگەن تەسۋىرلەر بىز ئېيتىۋاتقان بۇلاڭچىلىق ،
قىرغىنچىلىقنى كەسىپ قىلغان ئىنسان توپلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنسان تونپلىرى ئۆزى تەك كىيەلمىگەن قارا كۈچلەر ــ ئادەم، ھايۋانلارنى جىن ـ شاياتۇن، ئالۋاستى، يالماۋۇز، دىۋە ... دېگەندەك ناملاردا ئاتىغان.

دېمەك، جىن ـ ئالۋاستى ئۇقۇمى ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ دەسلىپىدە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ۋەھشىي ئادەم، ۋەھشىي ئىنسان توپلىرى ھەم يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن سۈرەتلىنىشىدىن باشقا ئۇقۇم ئەمەس (ئىنسانىيەت ئالىمىدە بۇنداق ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر بار). بۇ قاراشتا ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىي، قانخور كۈچلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىكى، چىنلىق، ياخشىلىقنى ئەلا بىلىدىغان ئېڭى ۋە پسىخىكىسى ئىپادىلەنگەن.

جىن ـ شاياتۇن ئۇقۇمى كېيىنكى چاغلارغا بارغاندا ئۆزگىرىش ياساپ، ئەۋلادلارنىڭ ئېڭىدا كۆزگە كۆرۈنمەس كۈچ سۈپىتىدە پەيدا بولغان. شامان، باخشىلار بۇ خىل چۈشەنچىدىن پايدىلىنىپ «يامان روھ، جىنلار ئادەملەرنىڭ كېسەل بولۇشىنىڭ سەۋەبچىسى، ئادەمنىڭ كېسەل بولۇشى يامان روھ چاپلاشقانلىقتىن بولىدۇ. شامان، باخشىلار يامان روھ ـ جىنلارنى قوغلاپ كېسەل ساقايتالايدۇ.» دەپ داۋراڭ سېلىپ، كىشىلەرنىڭ جىن ـ ئالۋاستى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن.

زارۇ ـ ئاستىر دىنى بۇددا دىنىنىڭ بەزى ئىدىيىال تەلىماتلىرىدىكى جىن ـ شاياتۇن ئۇقۇمى ۋە ئايرىم دىنىي كاتتىباشلارنىڭ ئۆز رولىنى سىرلىقلاشتۇرىدىغان ئەقىدىلىرىنى باشقا دىن ئەقىدىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ خۇراپىي قارىشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئۇلغايتقۇەتكەن. شۇنىڭ بىلەن

دىن ئەقىدىلىرىدىكى ئايرىم تەلىماتلار خۇراپىي چۈشەنچىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، خۇراپاتلىقتا ئائىت چۈشەنچىلەرنىڭ چەك - چېگرىسى بولمايدۇ. خۇراپىي قاراشلار خۇراپاتلىقتا پاتقان ئادەملەرنىڭ ئېڭى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق كېيىنكىلەرنىڭ ئېڭىغا بىرسى ئىككى بولۇپ سىڭىپ كىرگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە خۇراپىي قاراشلار تەسىر كۆرسىتىپ ئايرىم قاراش، ئادەتلەرگە ئارىلىشىپ قالغان. مەسىلەن، «يۈرۈك» تىلەپ «ئاۋاق ئېشى» ئېتىپ تۆت كوچا دوقمۇشىغا قويۇش، بىمارنى «ئوتلاپ قېقىش»، «ئاق توخۇ ئۆلتۈرۈپ قان قىلىش»، «دەمدە» ئىچۈرۈپ كېسەلگە شىپالىق تىلەش، دۇرت ئوقۇپ، ئەپسۇن ئوقۇتۇپ، پىرە ئوينىتىپ كېسەل داۋالاش؛ مازار - ماشايىقتا چىقىپ پەرزەنت تىلەش؛ قۇرغاقچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى بولسا ئالدىنى ئېلىش، مۇداپىئەلىنىش چارىلىرىنى قىلماي داش قازان ئېسىپ «زارە خەتمە» قىلىش، كەلكۈن كەلسە توختى ئىسىملىكلەرنى سۇغا تاشلاپ سۇنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىقلار مۇشۇ خىلدىكى خۇراپىي ھەرىكەتلەردۇر.

# 5. خۇشامەتكويلۇق

خۇشامەت ئىنساندىكى ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ ئۆزگەرگەن ھالىتى ۋە ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ غەيرىي مۇددىئا مەنبە قىلىنغان غەيرىي نورمال پسىخىك ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

خۇشامەت سىنىپىي بۆلۈنمە پەيدا قىلغان، فېئوداللىق تۈزۈم ۋايىغا يەتكۈزگەن پسىخىكىلىك ئامىل. فېئوداللار بايلىق، ئىمتىياز، ھوقۇق پەرقىگە قاراپ بىر - بىرىگە خۇشامەت قىلىشنى خوي ۋە ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم «ئادەم» لەر بايلىققا ئېرىشىش مەقسىتى، ھوقۇق، ئىمتىياز تەمەسى ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن تەبىقىلەرنى بوزەك قىلىش قارا نىيىتىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە فېئوداللارغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن خۇشامەت قىلغان. خۇشامەتتىن ئىبارەت بۇ غەيرىي نورمال پسىخىك ئامىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىرسىيەت، ئۇدۇم، نىيەت ۋە باشقا ئامىللارنىڭ ھامىيلىقىدا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

خۇشامەتنى ئىپادىلىنىش ھالىتىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىغىلى بولىدۇ.

(1) سالام خۇشامىتى؛

(2) مەرىكە - سورۇن خۇشامىتى؛

(3) تۆۋەنچىلىك خۇشامىتى؛

(4) كۆز بوياش خۇشامىتى؛

( 5 ) قولغا كىر گۈزۈۋېلىش خۇشامىتى ؛
( 6 ) چەكلىمىلىك قىلىش خۇشامىتى .

سالام خۇشامىتى ــ سالاملىشىشتا ئىپادىلىنىدىغان خۇشامەت تىپى . خۇشامەتچىلەر بايلىقى كۆپ ، هوقۇق - ئىمتىيازى بار ئادەملەرگە هەر خىل شەكىللەردە قوللارچە ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ . خۇشامەت سالىمى قىلغۇچىلارنىڭ هەرىكىتى ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولىدۇ : ئۇنىڭ بىرى ــ باي ، ئىناۋەتلىك ، هوقۇقدارلارغا يېقىنلىشىپ ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ، ئۇلاردىن نەپ ئېلىش ، ئۆزىنى سەممىي ، كەمتەر كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۆرۈلسە ؛ يەنە بىرى ــ دەرىجىسى تەڭ ياكى تۆۋەنلەرگە غادىيىش ، مەنمەنچىلىك قىلىش ، ئۆچمەنلىك قىلىشتا كۆرۈلىدۇ . بۇنداق خۇشامەتچىلەر بەزىدە ئۆزىگە گۇيياكى كۆپەيتىش غەرىزىدە ئەتراپىدىكىلەرگە نەيرەڭۋازلىق سالىمى قىلىدۇ .

مەرىكە - سورۇن خۇشامىتى ــ داستىخاندا ئىپادىلىنىدىغان خۇشامەت تىپى . خۇشامەتچىلەر هوقۇقى بار ، ئىمتىيازى چوڭ ، بايلىقى كۆپ ئادەملەرگە مەرىكە - سورۇندىن پايدىلىنىپ خۇشامەت قىلىدۇ . خۇشامەتچىلەر مەرتىۋە جەهەتتە ئۆزىدىن يۇقىرىلار توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغ قىلسا ، چاي ، زىياپەت ئۆتكۈزسە ، ئازراق تونۇشلۇقىنى باهانە قىلىپ قازان ئاسقۇچىلار ، خىزمەت قىلغۇچىلار قاتارىغا كىرىۋېلىپ ئۆي ئىگىسىگە خۇشامەت قىلىدۇ . سورۇنغا كەلگەن ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىپ خەقنىڭ ئىشىدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ، بەنە پۇرسەت تېپىپ ئەمەلدارلارغا خۇشامەت چېيى بېرىدۇ .

چاكارلىق خۇشامىتى ــ خۇشامەتنىڭ ئالاهىدە تىپى . ئۇ

خۇشامەتچىلەرنىڭ ئەمەلدار، بايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشتىكى ۋاستىسى بولۇپ، بۇنداق خۇشامەتچىلەر ئەمەلدار، بايلارنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ ئۆي ئىشىنى قىلىپ بېرىش، بالىلىرىنى بېقىش، توشۇق توشۇش، خوتۇنىنى، بالىسىنى ئەۋەتىپ چاكارلىق قىلدۇرۇش ۋاستىسى بىلەن خۇشامەت قىلىدۇ. بۇ خىل خۇشامەت ئادەتتە قولغا كىرگۈزۈۋېلىش خۇشامىتى، مەركەز-سورۇن خۇشامىتى بىلەن ئارىلىشىپ ياكى بىرىكىپ كېتىدۇ.

كۆز بوياش خۇشامىتى — بىر خىل مۇرەككەپ خۇشامەت تىپى. ئۇ، بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز، ئەخلاقسىز، ئەمما ھىيلە-مىكىرلىك، نەيرەڭۋازلىققا كۆنگەن مەككار ئادەملەر تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەر خىل ئۇسۇل ۋە شەكىللەردە خۇشامەت ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆزىنى بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، سەمىمىي قىلىپ كۆرسىتىدۇ؛ باشقىلار قىلغان ئىشنى مەن قىلدىم، دەپ دوكلات قىلىدۇ؛ يىغىن سورۇنلىرىدا ئەمەلدار (باي) نى قارىتىپ تۇرۇپ ماختايدۇ؛ باشلىق بار چاغدا ئىنتىزامچان، ئىشچان بولۇۋالىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئوغرىلاپ ياكى ئۇنىڭغا شېرىك بولۇۋېلىپ بىلىملىك قاتارىغا كىرىۋالىدۇ.

قولغا كىرگۈزۈۋېلىش خۇشامىتى — مۇرەككەپ، ئاسان بايقىغىلى بولمايدىغان خۇشامەت تىپى. ئۇ، ھەر خىل قاتلاملاردىكى ئۆزگىچە خاراكتېرلىك ئادەملەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، سالاھىيىتى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلدار، باي، ئىمتىيازلىقلارغا سوۋغات بېرىش، داستىخان سېلىش، خوتۇن ۋاستىسى، چاكارلىق قىلىش، ناتوغرا يول بىلەن تاپقان پۇلدىن

« زاكات » بېرىش، يەيدىغىنىدىن « ئۆشرە » ئايرىش ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ خۇشامەت قىلىپ ناچار باشقۇرۇش پىسخىكىسى، ناچار باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئىگە ئەمەلدارلار ۋە ئاچكۆز، شەھۋەتپەرەس ئادەملەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئۇلاردىن پايدىلىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلەش، ئورنىنى چىڭىتىش، « رەقىب » لىرىنى يىقىتىش ۋە ئۇلارنى كۆزدىن يىراقلىتىش غەرىزىنى رويابقا چىقىرىدۇ. بۇ خىلدىكى خۇشامەتچىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىلغار باشقۇرۇش پىسخىكىسى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئىگە ئەمەلدارلارنىڭ كۈشەندىسى، ناچار باشقۇرۇش پىسخىكىسى ۋە ئۇسۇلىغا ئىگە ئەمەلدارلارنىڭ يۆلەنچۈكى، تۇراقسىز باشقۇرۇش پىسخىكىسى ۋە ئۇسۇلىغا ئىگە ئەمەلدارلارنى ئازدۇرغۇچى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

چەكلىمىلىك قىلىش خۇشامىتى — خۇشامەتنىڭ بىر خىل يوشۇرۇن تىپى، بۇ خىلدىكى خۇشامەتچىلەرئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ مەلۇم ئىقتىدارى، ئەمگىكى، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئىناۋىتىنى چەكلەش ئۇچۇن مەلۇم ئەمەلدار، گۇپپاڭچىلارنى خۇشامەت قىلىپ قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزى كۆرەلمىگەن كىشىلەرنى نابۇت قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ خىل خۇشامەت تىپى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش خۇشامىتى، چاكارلىق خۇشامەتلىرى بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ.

خۇشامەتچىلىك ناچار ئىللەت. ئۇ ئىلغار باشقۇرۇش پىسخىكىسى ۋە ئۇسۇلىنى چەكلەش بىلەن بىر چاغدا، ئىلغار باشقۇرۇش پىسخىكىسى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى تېخى ئۈستۈنلۈكنى ئالمىغان مىللەت ۋە قاتلاملاردا مەلۇم دەرىجىدە بازار تاپىدۇ. خۇشامەتچىلەر ھەر خىل « ھۈنەر » لىرى بىلەن ناچار

باشقۇرۇش، بويسۇنۇش پسخىكىسىنى كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساختىپەز، ئىشەنچسىز، يالغانچى، ئىككى يۈزلىمە، قاششاق، ھەسەتخور، ئاداۋەتخور، تەمەخور، ئاچكۆزلەرنىڭ بارلىقى ئاۋاتلىشىپ، ئىشەنچسىزلىك، سەمىمىي، ھايالىق، دۇرۇس كىشىلەرنىڭ چەتكە قېقىلىشىغا، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ باسۇرۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ ــ دە، «ئات جۇۋازدا، كالا مەيدە» ھالىتى شەكىللىنىدۇ.

بىزدە خۇشامەتنىڭ ھەممە تىپلىرى تولۇق مەۋجۇت. ئۇ بەزى جاي، تارماق ۋە بەزى يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمىدا خېلىلا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. خۇشامەتچىلەر مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ــ چوڭلار، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، بىر ــ بىرىنى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنى بۇزۇپ، خۇشامەتنى پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي نەپ ئېلىۋاتىدۇ ھەم مىللەتنىڭ ساپاسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەمما، خۇشامەتچىلەر ھامان، ھەر قانداق جايدا، ھەق ئالدىدا، دۇرۇس نىيەتلىك ئادەملەر ئالدىدا شەرمەندە بولماي قالمايدۇ.

# 6. ئاچكۆزلۈك

« كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان » .
– يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاچكۆزلۈك ئىنسان تەبىئىتىدىكى چىكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك روھىي ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ ، ئۇ مەلۇم ئادەم ۋە تەبىقىلەرنىڭ ماددىي ، مەنىۋى ئوبيېكتلارغا قانائەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت پسىخىك ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ .

ئاچكۆزلۈك ئىنسانلار خۇي – مىجەزىگە ئەڭ دەسلەپتە چاپلاشقان روھىي ئاجىزلىق بولۇپ ، ئۇ ئىنسانلار خۇي – مىجەزىنىڭ بىر – بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ھالەتكە كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان روھىي كۈشەندە ۋە بىر قىسىم ئىنسانلارنى بىر – بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپقا بۆلگەن مەنبەدۇر . ئىنسان تەبىئىتىدىكى تەمەخورلۇق ، خۇشامەت ، ئاداۋەتخورلۇق ، قۇلچىلىق ( تەخسىكەشلىك ) ، يۇرتۋازلىق ۋە ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئاجىزلىقلارنى ئاچكۆزلۈك تۇغدۇرىدۇ ھەم يېتىشتۈرىدۇ . رېئاللىقتا ئاچكۆزلۈكنىڭ ئىپادىلىنىشى كۆپ قاتلاملىق ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ .

ھەممىلا ئادەم ئاچكۆز بولمايدۇ . پەقەت ئايرىم ئادەملەردە ئاچكۆزلۈك پسىخىكىسى شەكىللەنگەن بولىدۇ . ئاچكۆزلۈك ئادەملەرنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدە يېمەك – ئىچمەككە ئاچكۆز بولۇشىدىن پەيدا بولۇپ ، ئادەملەرنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك

يېتىلىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، يېڭى ئاچكۆزلۈك تىپلىرىغا ئۆزگىرىدۇ. يەنە مەلۇم بىر خىل ئىجتىمائىي شارائىت ياكى بىر خىل يېڭى تاللاش بەزىدە مەلۇم بىر خىل ئاچكۆزلۈكنى پەيدا قىلىدۇ. ئاچكۆزلۈك پسىخىكىسى بەزىلەردە روشەن ھەم كۈچلۈك، بەزىلەردە سۇس ياكى يوشۇرۇن بولىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ پسىخىكىسىدا ئۇنىڭ بىر - ئىككى تىپى مۇقىملاشقان، بەزىلەردە ئۇنىڭ ھەممە تىپى تېپىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاچكۆزلۈك پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرگەن ئادەملەردىكى ئاچكۆزلۈكنىڭ ئىپادىسى ئوخشاش بولمايدۇ؛ بەزىلەر يېمەك - ئىچمەككە، بەزىلەر مال - دۇنياغا، بەزىلەر كىيىم - كېچەككە ئاچكۆز بولىدۇ؛ بەزىلەر ھاۋايى - ھەۋەسكە ئۆزىنى ئۇرسا، بەزىلەر ھوقۇق - ئىمتىياز ھەلەكچىلىكىدە ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست ئىشلىتىدۇ.

(1) يېمەك - ئىچمەك ئاچكۆزلۈكى. يېمەك - ئىچمەك ئاچكۆزلۈكى ئادەمنىڭ كىچىكلىكىدە پەيدا بولىدىغان ئاچكۆزلۈك تىپى. ئۆسمۈرلەردىكى يېمەك - ئىچمەككە بولغان ئاچكۆزلۈك ئاساسەن بىر نەچچە خىل غىزاغا كۆزى تويماسلىقتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنداق باللاردا غىزانى كۆپ يەپ قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان خۇي يېتىلىدۇ. مانا مۇشۇ خۇي ئاستا - ئاستا شۇ بالىنىڭ بىر خىل پسىخىكىسىغا ئايلىنىدۇ - دە، چوڭ بولغانچە تاماقنى زىيادە ئىستېمال قىلىدىغان، قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويماي، يېمەك - ئىچمەككە ئۆزىنى ئۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

«كۆزى ئاچ ئۆلسە تويار» دېگەندەك، يېمەك - ئىچمەك ئاچكۆزلۈكىگە گىرىپتار بولغانلار بىرەر ۋاخ تاماق ياكى بىرەر قىممەتلىك زىياپەت بىلەن ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان بولىدۇ. ئاچكۆزلەر دائىم مېھماندارچىلىق، توي؛

بەزىلەر، ئاماق سوراۋۇللىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى، ئالىي غىزانىڭ بولۇشىنى تەمە قىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇنداقلارنى «كېلى تويماسنىڭ قولى گال، كۆزى تويماسنىڭ ئەقلى گال» دەپ خۇلاسىلىغان.

(2) كىيىم - كېچەك ئاچكۆزلۈكى. كىيىم - كېچەك ئاچكۆزلۈكى يېمەك - ئىچمەك ئاچكۆزلۈكىگە ئوخشاش بىر خىل ئاچكۆزلۈك تىپى. ئۇ كۆپىنچە ئاياللاردا، ئايرىم ئەرلەردە شەكىللىنىدۇ. كىيىم - كېچەك ئاچكۆزلۈكىگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ ئولتۇرسا - قوپسا ئويلايدىغىنى يېڭى كىيىم كىيىش، باشقىلار كىيگەننىمۇ كىيىش، باشقىلار كىيمىگەننىمۇ كىيىش. بۇنداق پىسخىكىلىق ئادەملەرنىڭ كۆزى كىيىم - كېچەككە، زىبۇ زىننەتكە تويماي، ھەدېسە كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت توپلايدۇ. باشقىلار بىرەر يېڭى پاسوندا كىيىم كىيسە ياكى زىبۇ زىننەت تاقىسا ھەسەت قىلىپ ئولتۇرالماي قالىدۇ. بەزىلىرى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى بىلەن ھېسابلاشماي، يېمەي - ئىچمەي، بالىلىرىنى كىيىمسىز، قورسىقىنى ئاچ قالدۇرۇپ، ھەتتا قەرز ئېلىپ كىيىم - كېچەك توپلايدۇ. كىيىم - كېچەك ئاچكۆزلۈكى ئاخىر ئۇلارنى «ئۇچىسىغا قارىسا كۆز چاقنايدىغان، ئۆيىدىن چاشقان يامانلايدىغان» قىلىپ قويىدۇ.

كىيىم - كېچەك ئاچكۆزلۈكى ئادەملەرنى سۆلەتۋاز، ھۇرۇن قىلىپ قويىدۇ. ئىقتىسادنى بۇزۇپ، ئائىلىنى، جەمئىيەتنى ئىسراپچىلىققا باشلاپ، جەمئىيەتكە «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» لىق ئېلىپ كېلىدۇ.

(3) مال - دۇنيا ئاچكۆزلۈكى. مال - دۇنيا

ئاچكۆزلۈكى ئاچكۆزلۈك ئىچىدىكى ئەڭ ناچار پىسخىك ھالەت. ئۇ پۇل - مالغا ھېرىسمەن بولۇش، ئۇنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يىغىپ ساقلاشتا ئىپادىلىنىدۇ.

مال - دۇنيا ئاچكۆزلۈكىنىڭ ئىنسان پىسخىكىسىدا شەكىللەنگەن تارىخى ئەڭ ئۇزاق. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار توپلىشىپ ئوۋچىلىق، تېرىقچىلىق قىلىپ ئوۋ غەنىمەتلىرى، ئاشلىق، مېۋىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولغان. ئوۋ قوراللىرى، تېرىقچىلىق سايمانلىرى جامائە - ئۇرۇق (توپ) نىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پىسخىكىسىدا شەخسىيەتچىلىك ۋە يامان نىيەت ئۆسۈپ چىققان جامائە باشلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ يانتاياقلىرىدا مال - دۇنيا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئوۋ غەنىمەتلىرى، ئاشلىق، مېۋە، يېپىنچا بۇيۇملىرى، چارۋا، ئورمان - يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەقستى شەكىللەنگەن. ئاخىر بۇ سەۋەبلەر توپەيلى ئىپتىدائىي كوممۇنا يىمىرىلىپ تاشلانغان. ئاقىۋەتتە ئىنسانلار ئىچىدە مال - مۈلۈككە، بايلىققا ئىگە بولۇۋالغانلار، مال - مۈلۈككە ئىگە بولالمىغانلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ شەكىللەنگەن.

مال - دۇنيا ئاچكۆزلۈكىگە گىرىپتار بولغانلار مال - مۈلۈككە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردا تاييار تاپلىق پىسخىكىسى ھاسىل بولۇپلا قالماي يەنە ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە تايىنىپ ئەمگەكچىلەردىن كۆپلەپ مال - دۇنيا ئوندۇرۇۋېلىش ئاچكۆزلۈكى ئۆسۈپ چىققاچقا، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم ۋۇجۇدقا چىققان.

مال - دۇنيا ئاچكۆزلۈكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ پۇل -

مالغا بولغان ئاچكۆزلۈكى بەك كۈچلۈك بولىدۇ. قولىغا خېلى كۆپ مال ـ دۇنيا كىرسىمۇ ئۇنىڭغا قانائەت قىلمايدۇ. بۇ خىل ئاچكۆزلۈك ئادەتتە ھوقۇق ـ ئىمتىيازغا ئېرىشكەنلەر، سودىگەر ـ زەردارلار ۋە پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن پۈتۈن ھۈنىرى، ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىۋاتقانلاردا پەيدا بولۇپ ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى مال ـ دۇنيا توپلاشقىلا قارىتىلىدۇ. باشقىلاردىن نەپ ئېلىش، توپلاش، ئۇنى قانداق ساقلاش ۋە كۆپەيتىش ـــ ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىدۇر.

«كۆزى ئاچ كىشى بولماس مالغا باي، پۈتۈن دۇنيا بولسا ئۇنىڭ، يەنە ئۇ گاداي». مال ـ دۇنيا ئاچكۆزلۈكى ئادەملەرنى بېخىل، پىخسىق، قانائەتسىز قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئاچكۆزلەر مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنە مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى مال ـ دۇنيا ئاچكۆزلىرى ئىلگىرى يىغقان مال ـ دۇنياسىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى يات قول تېگىشتىن ساقلايمەن دەپ تام قېتىغا تىقىش، كۆلۈڭگا، دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈپ ساقلاش، پۇلغا يەر ئېلىش ھەلەكچىلىكىدىلا ياشىغان. بىر قىسىم ئاچكۆزلەر ھازىرمۇ شۇ ئەندىزىلەردىن چەتنىگىنى يوق.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ، يېتىمنىڭ ھەققىگە قارا ساناش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ پۇلىغا، مۈلكىگە خىيانەت قىلىش يولىدا ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشتەك ئەخلاقىي بۇزۇقلۇقنىڭ سادىر بولۇپ تۇرىدىغانلىقى دەل مال ـ دۇنيا ئاچكۆزلۈكىنىڭ ئاقىۋىتى.

مال - دۇنيا ئاچكۆزلۇكى پىسخىكىسى مال - دۇنيالىق بولغانلاردا ھوقۇق - ئىمتىياز ئاچكۆزلۇكىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھوقۇقدارلارغا خۇشامەت قىلىپ ئۇلارنى تورغا ئىلىندۇرماقچى بولۇشىدۇ. ئەتراپىدىكىلەرگە ئىچى قارىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كۆزگە ئىلمايدۇ. بۇ پىسخىك ھالەت ئۇلارنى ئېتىقادسىز، غۇرۇرسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار ھارام مالغا ئىگە بولۇش، مال - دۇنياسىنى قولدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن ئەل، مىللەت ۋە ئائىلىسىگە خىيانەت قىلىدۇ.

( 4 ) ھوقۇق، ئىمتىياز ئاچكۆزلۇكى. ھوقۇق، ئىمتىياز ئاچكۆزلۇكى ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ۋە ئۇنىڭ ۋەكىلى بولغان ھۆكۈمرانلار ھەمدە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پىسخىكىسىدا شەكىللەنگەن شۇنداقلا شەكىللىنىدىغان يىرىك ئاچكۆزلۇك تىپى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا مەلۇم شەخسىي غەرەز ياكى غەيرىي نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ياكى ئىجتىمائىي نەپنى قولغا كەلتۈرۈشنى خىيال قىلىدىغان ئادەملەردە پەيدا بولىدىغان بىنورمال ھەرىكەت.

ئۆتمۈشكە نەزەر سالغاندا، ھوقۇق، ئىمتىياز ئاچكۆزلۇكىگە مۇپتىلا بولغان خاقان - پادىشاھلار، ئىلىكخان، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئىچىدە ھوقۇقنى دەپ قېرىندىشىنى، ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن؛ بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھوقۇقنى قوغدىغان، ھوقۇق تالىشىپ ئەلنى پارچىلىغان، ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىگە ساتقىنلىق قىلغانلار بولغان. بەزى ھوقۇق - ئىمتىياز ئاچكۆزلۇكى پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقانلار ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى، زېمىنىنى كېڭەيتىش، باشقىلارنى قۇل قىلىش غەرىزىدە ئۇرۇش قوزغاپ قانلىق قىرغىنچىلىققا سەۋەبچى بولۇپ، ئىنسانىيەتكە

دەھشەتلىك بالايىئاپەت كەلتۈرگەن. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشقان.

ھوقۇق، ئىمتىياز ئاچكۆزلۈكى پىسخىكىسى ئادەمنى رەھىمسىز، قارانىيەت ھەم غۇرۇرسىز قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق پىسخىكىلىق ئادەم باشقىلارغا رەھىمسىز بولىدۇ. ھەممىدە ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىدۇ. خەلققە، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنمەيدۇ. ھوقۇقىنى، ئىمتىيازىنى ساقلاش ياكى ئۇنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن شۇملۇق پىلانلايدۇ؛ باشقىلارغا قارا چاپلايدۇ. ئاق - كۆڭۈل، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى يوق قىلىش كويىدا بولىدۇ. ئۆزىدىن چوڭ ئەمەلدارلارغا ئورا كولايدۇ. ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى بېسىپ، ئىقتىدارى، تۆھپىسى بارلارنى پۇتلايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئاغزىدا ۋەتەن، مىللەت دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىسىمۇ، ئاستىرتتىن ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىگە زىيان سالىدۇ.

ھوقۇق، ئىمتىياز ئاچكۆزلۈكى پىسخىكىسى بىر بۆلۈك ئىنسانلارغا ھەمراھ ئامىل. ئۇ ھەر قانداق ماكان، زاماندا ھامان ئايرىم كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدىن تېپىلىدۇ. ئۇلار بىر ياكى بىرنەچچە خىل ئاچكۆزلۈك پىسخىكىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادى ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈك پىسخىكىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ باشقا ھەر خىل سۈپەتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاچكۆزلۈك پىسخىكىسىغا توسالغۇ بولالمايدۇ. ساختىلىق، كۆز بويامچىلىق بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغان مەلۇم ھوقۇقى، ئىمتىيازى ياكى سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان ئورۇنغا چىقىشنى خىيال — تەمە قىلىدۇ. بۇ يولدا ئۆزىگە توسالغۇ دەپ قارىغان كىشىلەرنى كۆزدىن يوقىتىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىدۇ.

هوقۇق، ئىمتىياز ئاچكۆزلۈكى پسىخىكىسى هوقۇقدار، ئىمتىيازلىقلارنىڭ قول ئاستىدا ۋە ئەتراپىدا يۈرگەنلەرنىڭ پسىخىكىسىغىمۇ ئۆتىدۇ. ئۇلار خوجايىنىنىڭ هوقۇق، ئىمتىيازىنى ئارقا تىرەك قىلىپ باشقىلارغا زۇلۇم سالىدۇ. خوجايىنىنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، خوجايىنى يامان كۆرگەننى دۈشمەن تۇتۇپ، خوجايىنى هىجايغانغا خۇشامەت، يالاقچىلىق قىلىپ، مەنسەپ، ئىنئام تەمە قىلىدۇ. «پادىشاھ ئۈزسە بىر ئالمىنى، نەۋكىرى ئۈزەر مىڭ ئالمىنى» دېگەندەك، غالچىلارنىڭ ئەلگە كەلتۈرىدىغان قىلمىش - ئەتمىشلىرى هوقۇق - ئىمتىيازلىقلارنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

هوقۇق، ئىمتىياز ئاچكۆزلۈكى مال - دۇنيا ئاچكۆزلۈكى بىلەن بىرلىكىپ كېتىدۇ. هوقۇقلۇق، ئىمتىيازلىقلارنىڭ ئاچكۆزلۈك پسىخىكىسىدا ۋە هوقۇق، ئىمتىيازنى قولغا كىرگۈزۈش قەستىدە يۈرگەنلەردە هارام ئىقتىسادقا ئېرىشىش غەرىزى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار هوقۇق، ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپلا بېيىش ئۈچۈن خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش، ئارتۇق ئىگىلىۋېلىشنى باشلايدۇ. يىغقان هارام ئىقتىساد، مۈلۈكنىڭ بىر بۆلىكىنى ئۆزىگە هامىي بولغان هوقۇقدارغا تۇشۇپ «تەخت» نى چىڭىتىش ۋە يوغىنىتىش كويىدا بولىدۇ. بۇ خىل تەبىئەت ئۇلاردىكى تەمەخورلۇق، هىيلىگەرلىك، ئاداۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق ۋە يالغانچىلىق قاتارلىق ئاجىزلىقلارنى تەك يېتىلدۈرگەن بولىدۇ.

(5) هاۋايى - هەۋەس ئاچكۆزلۈكى. هاۋايى - هەۋەس ئاچكۆزلۈكى ئاچكۆزلۈك ئىچىدىكى ئۆزگىچە تىپ. ئۇنىڭ هالىتى ۋە ئوبيېكتى غەيرىي ۋە بىر قانچە خىل بولىدۇ. شەهۋەتپەرەسلىك، هاراق - شارابقا بېرىلىش، قىمارغا بېرىلىش، ئويۇن - تاماشىغا

بېرىلىش، زەھەرلىنىك چېكىملىككە بېرىلىش قاتارلىقلار ئۇنىڭ كونكرېت خىللىرى. ئۇنى جىنس ئايرىمىسى، ئىجتىمائىي ئورۇن پەرقى، ئىقتىسادىي ئەھۋال بويىچە شەكىللىنىدىغان خاراكتېرلاردا پەرقلەندۇرۇش مۇمكىن.

شەھۋەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت ھاۋايى ھەۋەس ئاچكۆزلۈكى پىسخىكىسى زىناخورلۇق، پاھىشۋازلىق، خوتۇنبازلىقلاردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئاجىزلىققا گىرىپتار بولغانلار ئەقلىدىن، ئېتقادىدىن، غۇرۇرىدىن ھەم ئىنسانىي سۈپىتىدىن مەھرۇم قېلىپلا قالماي، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەخلاقىي بۇزۇقلۇقنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ.

ئىچىملىككە، چېكىملىككە بېرىلىش ئوخشاشلا ئادەمنى ئېتىقادتىن مەھرۇم قىلىپ، ئادەمنى ھورۇنلۇق، تەمەخورلۇققا باشلاپ، ئەقلىدىن، ئىقتىسادىدىن ھەم ياشلىق باھارىدىن ئايرىيدۇ.

ھاۋايى ـ ھەۋەس ئاچكۆزلۈكى پىسخىكىسى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ يىرگىنىشلىك ئامىل. ئىلگىرى ئۆتكەن بەزى پادىشاھ، ئەمەلدارلار ھوقۇقىغا تايىنىپ شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلىپ ئەلنىڭ ئامانلىقى، خەلقنىڭ ھالى بىلەن كارى بولمىغان. ھازىرقى كۈندىمۇ، بۇنداق پىسخىكىلىق ئادەملەر يەنىلا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھاياسىز، بەتئەخلاقلىق تەبىئىتى بىلەن جەمئىيىتىمىزدە ھەر خىل ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشماقتا.

# 7. ھۆرۈنلۇق

ھۆرۈنلۇق ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەككە تۇتقان پاسسىپ ئىنكاسى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ. ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن پىسخىك مەنىسى كەڭ بولىدۇ. يەنى ئۇ، ئادەم (مىللەت) نىڭ ئالغا ئىنتىلمەسلىك، ئۆزىنى كۈچەيتىشنى خالىماسلىق، ئوبيېكتىپ رېئال ھالەتكە شۈكرى - قانائەت قىلىپ ياشاشتەك سۇبيېكتىپ روھىي ھالىتىنى ۋە خۇي - مىجەز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روھىي ئاجىزلىقنىڭ بىرى.

ھۆرۈنلۇق پىسخىكىسى بەزى روھىي ئاجىزلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان مەنبە. ئۇ كىشىلەرنىڭ كەسپى، ئېتىقادىي ھالىتى ھەم ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر خىل قاتمال خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان، ھۈنەرۋەن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، زىيالىي، دوختۇر - سېسترا، مۇلازىمەتچى، پىرىكازچىك ۋە باشقا بارلىق ئىش تۈرلىرىنى ئىشلەيدىغانلاردا بىر - بىرىگە ئوخشىشايدىغان كەسپىي ھۆرۈنلۇق پەيدا بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بېرىلىپ ئىشلىمەسلىك، تەر ئاققۇزۇشتىن قېچىش، قانچە نامرات بولسا شۇنچە ھۆرۈنلۇق قىلىش؛ قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قويۇپ «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ كۈتۈپ تۇرۇشلار بىر خىل ھۆرۈنلۇق تىپى بولسا؛ ئۆگىنىشكە بېرىلمەسلىك، تۆۋەن ئىقتىدار، سەۋىيىگە قانائەت قىلىش، قىيىن نۇقتىغا دۇچ كەلگەندە ئايلىنىپ

ئۆتۈپ كېتىش؛ ئۆگىنىشتە ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش كويىدا بولۇشلار ھۇرۇنلۇقنىڭ بىر خىل تىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىدار، بىلىم، شارائىتى تۇرسىمۇ، ھېرىش - چارچاشتىن قېچىپ رولىنى جارى قىلدۇرماسلىق ھۇرۇنلۇقنىڭ بىر خىل تىپى بولسا؛ جاپالىق ئىشنى قىلىشنى ھار بىلىش، قىلالايدىغان ئىش كۆزىگە كۆرۈنۈپ، پۇتىغا پۇتلىشىپ تۇرسىمۇ قىلماسلىق؛ تەييار ئاش، تەييار كىيىمگە خۇشتار بولۇش؛ ھېچ ئىشقا قول تەۋرەتمەي، زېھنىنى سەرپ قىلماي غايىبتىن، بىرەر كىمدىن مال - دۇنيا تەمە قىلىش؛ باشقىلار ھەمدەمدە بولسىمۇ، ياردەم بەرسىمۇ، ئۆزىنىڭ نامراتلىق، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە غەيرەت - شىجائىتى بولماسلىقلار ھۇرۇنلۇقنىڭ يەنە بىر خىل تىپى ھېسابلىنىدۇ. ھۇرۇنلۇقنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزگە تېگىشلىك ئىشنى قىلماي ياكى قىلالماي، باشقىلارنىڭ ئىشىغا توپا سېلىپ چەكلىمىلىك قىلىشتەك ئۆزگىچە تىپىمۇ بار.

ئىجتىمائىيەتتە ھۇرۇنلۇقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى خىلمۇ خىل بولىدۇ. قالاقلىق، خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق روھىي ئاجىزلىقلىرىنىڭ ھۇرۇنلۇق بىلەن چېتىلىشلىق بولۇشى سەۋەبلىك ھۇرۇنلۇقنىڭ ئىپادىلىنىش ھالىتى كۆپىيىدۇ. نادانلار ھېلى ئۇ ئىشنى تەس، ھېلى بۇ ئىشنى مەينەت دەپ ھېچ ئىش قىلمايدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۆزىنىڭ نامراتلىشىش سەۋەبىنى باشقىلارغا ئارتىدۇ. قالاقلار ئۆزىنىڭ نامراتلىق ھالىتىگە شۈكۈر قىلسا، خۇراپاتلار نامراتلىقنى تەڭرىنىڭ پېشانىمىزگە پۈتكىنى، دەپ تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ.

ھۇرۇنلۇق پىسخىكىسى ئۆزىدىكى ھەر خىل ئامىللار

سەۋەبىدىن ئادەمنى يەنە باشقا ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى سادىر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ھورۇنلارنىڭ بەزىلىرى ئوغرىلىق، ياڭچۇقچىلىق قىلىپ ناتوغرا كەسىپ بىلەن ياشاش يولىنى تۇتسا؛ يەنە بەزىلىرى تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن كەچۈرۈشكە ئۆرۈنىدۇ. بەزىلىرى ئاتا ـ ئانىسى، تۇغقانلىرىغا ئىششىپ، ئۇلارنىڭ تاپقىنىنى ئۆزىنىڭ قىلىش كويىدا بولىدۇ. بەزىلىرى باشقىلار قىلغان ئىشنى، نەتىجىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ. بەزىلىرى ئۆزى بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارالماي، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىگە ھەسەت قىلىپ ۋاستە ئىشلىتىپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

دېمەك، ھورۇنلۇق پىسخىكىسى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئادەمنى ۋىجدان، غۇرۇر ۋە ئېتىقادتىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھورۇنلاردا ھايا ـ نومۇس كەملەپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ھەم ئائىلىنى سۆيۈش بۇرچى يوقىلىدۇ. نەتىجىدە چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، خۇشامەتچىلىك ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق ئاجىزلىقلار ھورۇنلۇق بىلەن تەڭ ئۆسۈپ بارىدۇ.

ھورۇنلۇقنىڭ ئادەم (مىللەت)، جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە زور بولىدۇ. بىرسى، ئۇ كىشىلەرنى ئىشچانلار، ئىقتىدارلىقلارنى يامان كۆرىدىغان ئىنسابسىز، رەھىمسىزلىككە مۇپتىلا قىلىدۇ؛ يەنە بىرسى، ئادەملەرنى كالتا پەم، كەلگۈسىنى ئويلىماس قىلىپ، مىللەت ئەزالىرى ئىچىدە قانائەتچانلىق، قاششاقلىق، قاتماللىق ۋە بېكىنمىچىلىك روھىي ھالىتىنى ئۇلغايتىپ، مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى ئاستىلىتىش، مەدەنىيەتتە چېكىندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

# 8. ھەسەتخورلۇق

ھەسەتخورلۇق ئىنسان تەبىئىتىدىكى غەيرىي نورمال پسخىك ھالەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. بۇ ئىللەت قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ھەسەت — پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىمىزدا « كۆنلىمەك، ئىچى تارلىق قىلماق، قىزغانماق، ... » دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئادەم پسخىكىسىدىكى شۇ خىل روھىي ھالەتنى كۆرسىتىدۇ؛ ھەسەتخور — پارس ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بولۇپ، « ئىچى تار، قىزغانچۇق، كۆنچى ... » دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە مەلۇم شەخسنىڭ ھەرىكەت ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلاردىن قارىغاندا، ھەسەتخورلۇق — بىرەر نەرسە مەلۇم ئادەمگىلا تەئەللۇق بولۇش، باشقىلار ئۇنىڭغا يېقىن يولىماسلىق، ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان نەرسىگە باشقىلارمۇ ئىگە بولماسلىق، ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشلارنى باشقىلارنىڭمۇ قىلالماسلىقىنى تەلەپ قىلىش، مەندە يوق نەرسە باشقىلاردىمۇ بولماسلىقى كېرەك، دەپ قاراپ باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇشتەك تېپىك روھىي ھالەت ۋە مەلۇم ئادەمنىڭ خۇلق - مىجەزىدىن ئورۇن ئالغان غەيرىي خۇسۇسىيەتتۇر.

ھەسەتخورلۇق ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىنسانلار ئارىسىدىكى جىسمانىي پەرقلەر، قەلب ۋە خۇي - مىجەز پەرقى ئاتارلىق قارىمۇ قارشى روھىي ھالەتلەرنىڭ ئادەملەر ئېڭىدا ۋە

خۇي - مىجەزىدە پەيدا بولۇشى تۇپەيلىدىن ھەسەتخورلۇق پارلىغا كەلگەن .

يىلتىزى يوق دەرەخ بولمىغاندەك ، ئىنسانلاردىكى ھەر قانداق روھىي ھالەت ۋە ئىدىيىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ، تۇرتكە بولىدىغان ئامىلى بولىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا ھەسەتخورلۇقنىڭ يىلتىزى ــ ئادەم ئىگىدىكى چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . بەزى كىشىلەر شەخسىيەتچىلىك بولمىسا ، ئادەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ، دېسە ، يەنە بەزىلەر ھەسەتخورلۇقنى « رىقابەت » دەپ پەردازلايدۇ . بۇ خىل قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتا . ھەسەتخورلۇق زامان ، ماكان ھەم مىللەت ئايرىمايدۇ . ئۇنى ھەر قايسى دەۋردىن ، ھەممە مىللەتتىن تاپقىلى بولىدۇ . بۇ يەردە ئايرىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىش پەقەت ، ھەسەتخورلۇقنىڭ شۇ دەۋر ، شۇ مىللەت ئاھالىسى ئىچىگە قانچىلىك دەرىجىدە تارقالغانلىقى ، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدىن قانچىلىك ئورۇن ئالغانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت . بەزىلەر ھەسەتخورلۇق يۇرتۋازلىقتەك مەنىۋى كېسەللىكنىڭ ئىپادىسى ھەم داۋاملىشىشىنى شۇ مىللەت ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ، تەربىيىلىنىشىگە باغلىق دەپ قارايدۇ . ئىنسان تەبىئىتىدىكى غەيرىي نورماللىقنىڭ سەۋەبىنى مەدەنىيەت ، مائارىپ سۈپىتىدىن ئىزدەش رېئاللىققا پەقەت ئۇيغۇن ئەمەس . ئەگەر مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى ، تەربىيىلىنىشى ياخشى بولسا ھەسەتخور بولمايدۇ ، دەپ قارىساق ، بىر قىسىم زىيالىيلار ، ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان خادىملار ئارىسىدىكى قىزغىنىش ، كۆرەلمەسلىك ، ئىچى تارلىق قىلىش ھەم بىر - بىرىگە ئورا كولاشتەك ئىللەتلەرنى نېمىدەپ

ئىزاھلاش كېرەك ؟!

ھەسەتخورلۇق روھىي ھالىتى كىشلەرگە بىرلىدىن بىرىگە، چوڭلاردىن كىچىكلەرگە، ئاتا - ئانىلاردىن بالىلارغا يۇقىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاتا - ئانىنىڭ قېنى ئارقىلىق بالىغا ئىرسىيەتلىك ھالدا ئۆتۈشىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. مانا بۇلار ھەسەتخورلۇق روھىي ھالىتىنىڭ قەدىمدىن تاھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئاساسلىق سەۋەبى.

ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرىنى بىلىشتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىغا قارىساق، ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

«سېنىڭدىن چوڭلار كۆرەلمەس سېنى»

ھەسەتخور ئەمەلدار، ھەسەتخور خوجايىن قول ئاستىدىكى بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئازراق ئېشىپ كېتىشىنى، تۇرمۇشتا خاتىرجەم ياشاپ، بایاشاد ئۆتۈشىنى خالىمايدۇ ۋە شۇنداق بولۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدۇ ھەم توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۆزىدىن بىلىم، مەرتىۋە، ئابروي جەھەتتە ئېشىپ كەتكەنلەرنى ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىغا، ئىناۋىتىگە، ھوقۇقىغا خەۋپ كەلتۈرىدىغان مەنبە، ھەتتا دۈشمەن كۆچ دەپ قاراپ، قەستەن قۇسۇر تېپىپ زەربە بېرىدۇ؛ ئۆز ئەتراپىغا ئىقتىدارسىز، ئەمەلىي سەۋىيىسى تۆۋەن، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان تەخسكەشلەرنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى جېنىنىڭ بارىچە يوشۇرىدۇ.

«ھەم سېنى كۆرەلمەس يەنە تەڭ تۇشۇڭ»

ھەسەتخورلۇق ئىللەتىگە مۇپتىلا بولغانلار ئۆزى بىلەن تەڭتۇش، تەڭ دەرىجىلىكلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ ھەم ئىچى تارلىق قىلىدۇ. بىرەر تەڭتۇشى

ياكى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىكلەر بىرەر ئىشتا نەتىجىگە ئېرىشە ياكى خۇشال بولسىمۇ، ئۆزى بىئارام بولىدۇ ۋە قارشى تەرەپنىمۇ بىئارام قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ پۇرسەت تاپسىلا قارشى تەرەپنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە، نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ.

«سېنىڭدىن كىچىكلەر كۆرەلمەس سېنى»

ئادەتتىكى خادىملار ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق نىسبەتەن كۆپرەك بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەسەت قىلىشىمۇ ئالدىنقىلاردىن قېلىشمايدۇ. بۇنداقلارنىڭ پسىخىكىسىدا ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەممە ئالامەتلىرى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلار ھىيلىگەر، رەڭۋاز ۋە ئىككى يۈزلىمە كېلىدۇ، ئۆزىنى نىقابلاشقا ئۇستا بولىدۇ. بۇنداقلار ھەسەتخور ۋە كەم ئەقىل ئەمەلدارلارغا ئامراق كېلىدۇ ـ دە، ھەر خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئەمەلدارلارنى ماختاپ ئۇچۇرىدۇ. ئۆزىدىن چوڭ، راستچىل، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزىنى ئىقتىدارلىقلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان سەممىي ئادەم قىلىپ كۆرسىتىدۇ ـ يۇ، كەينىدىن ئۇلارغا ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قاراپ، پۇرسەت تاپسىلا ئورا كولايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى داۋاملىق كۆزىتىپ، ئۆزى ياخشىچاق بولۇۋالغان ئەمەلدارغا داۋاملىق «دوكلات» قىلىپ، ئىقتىدارلىقلارغا ناقابىل تۇرۇش گۇرۇھى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ يەنە بىر تىپى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىدىن قابىلىيەتسىز، ئىقتىسادى ناچار، تۇرمۇشى جاپالىق كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنە خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە تېز پۈكمەي ئۆزىنى روھلۇق، تېتىك تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئىچىشىپ، خۇدىنى

يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە بىئارام بولىدۇ. ھەسەتخورلۇقنىڭ يەنە مۇنداق بىر ئومۇمىي تىپىمۇ بار بولۇپ، باشقىلارنىڭ چىرايى، مېڭىش - تۇرۇشى، كىيىنىشى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، باشقىلارنىڭ جورىسى، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇشى قاتارلىقلارغىمۇ ھەسەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ھەسەتخورلۇق كېسىلى چاپلاشقان كىشىلەر بەزىدە ھەتتا ئاتا - ئانىسى، ئۆز قېرىندىشى، بالىسى، يېقىن دوستىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ھەسەت قىلىدۇ. بۇ خۇددى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا كۆرسىتىلگەن «ھەسەت بىر كېسەلدۇر داۋاسى ئۇزاق، ئۆزىنى ئۆزى يەپ سېزەر ئۇ ئاداق» دېگەننىڭ دەل ئۆزىدۇر.

ئومۇمەن قىلغاندا، ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىپادىلىرى بەك مۇرەككەپ ھەم كۆپ خىل جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ھەسەتخورلۇقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، پۇت - قولىنى بوغۇپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما، بەزى كىشىلەر بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشتىن تېخى بەك يىراقتا تۇرماقتا. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

بۈگۈنكى كۈندە، ھەسەتخورلۇقنىڭ كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرىغا قاراپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىش زادىلا توغرا ئەمەس، شۇنداقلا ھەسەتخورلۇق خۇيىنى ئۆزگەرتىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە كىشى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، ئۆزۈمچىلىكتىن خالى بولۇپ، ئومۇمىيلىق كۆز قارىشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ.

# 9. يۇرتۋازلىق

يۇرتۋازلىق — بىر مىللەت ئىچىدىكى يۇرت ( مەھەللە ) نى بىرلىك قىلغان ئاھالىدە شەكىللەنگەن مەزھەپچىلىك خاھىشى ۋە تار مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان پسىخىك ھالەت.

يۇرتۋازلىق ھەممە مىللەتتە مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي ئىللەت. مەدەنىيەت ساپاسى ئۆسكەن، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن مىللەتلەردە ئىلگىرى - كېيىن تۈگىگەن ياكى ئاجىزلاشقان روھىي ئاجىزلىق. ئۇ پەقەت ئىقتىسادى گۈللەنمىگەن، مەدەنىيەت، مائارىپتا ئارقىدا قالغان، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ( يەنە بىر ئاتىلىشى سودىگەر ) پسىخىكىسى ئۈستۈنلۈكنى ئالغان مىللەت ئىچىدە جاھىللىق بىلەن مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەنىۋى راك كېسەللىكى.

يۇرتۋازلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، ئەمەلدار - خىزمەتچى، زىيالىي - ئوقۇغۇچى، سودىگەر - موللىنىڭ زور كۆپ قىسمىنىڭ پسىخىكىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، بۇ خىل پسىخىك ھەرىكەت ھەر قاچان، ھەر زامان ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ. «××× لىكلەر ئولتۇرۇشى»، «××× لىكلەر بەزمىسى» دېگەندەك سورۇنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇشى يۇرتۋازلىقنىڭ زىيالىيلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، خىزمەتچىلەر ئىچىدە خېلى بازار تاپقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھەقىقەتەن جەمئىيىتىمىزدە يۇرتۋازلىقنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئالاھىدە خۇي قىلىۋالغانلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى ئەۋلادلىرىغا سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىنى

ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

يۇرتۋازلىق يېڭى پەيدىك هادىسە ئەمەس، ئۇنىڭ مەنبەسى «قەبىلىۋازلىق» تۇر. ئىپتىدائىي دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئانىسىنى مەركەز قىلغان ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە شەخس بىلەن ئۇرۇقنىڭ مەنپەئەتى گىرەلىشىپ كەتكەچكە، ئۇرۇق ئەزالىرى بىرلىكتە ئوۋ، ئەمگەك قىلىپ ئوۋ غەنىمەتلىرى، ئەمگەك مېۋىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن يات ئۇرۇق - كۆچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن بىرلىكتە قوغدىنىپ، ياشاش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرگەن. بۇ ئەينى زاماندىكى ئۆز كوللېكتىپىنى، ئورتاق مەنپەئەتنى ۋە ئۆز ماكانىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا شەخسىي غەرەزگە ئورۇن يوق ئىدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى سەۋەبلىك ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى مۇرەككەپلىشىپ، ئادەملەردە نىيەت ئوخشىماسلىقى كېلىپ چىققان. ئۇرۇق - قەبىلىلەردە ئۆزگىچە خۇي - مىجەزلەر شەكىللەنگەن. ئايرىم ئۇرۇقلاردا يەنە بىر ئۇرۇققا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئوۋ غەنىمەتلىرى، مال - مۈلكى، ماكانىنى تارتىۋېلىپ، ئۆز ئۇرۇقىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇش ئېڭى ۋە خۇيى پەيدا بولغان. بۇ خىل خۇينى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭدىن قەبىلىۋازلىقنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئىنسانلار ئۇرۇق بويىچە ئايرىلىپ ياشاپ، تىل، ئۆرپ - ئادەت، جۇغراپىيىلىك ماكان بىرلىكى بويىچە قەبىلىلەرگە ئۇيۇشقانلىقتىن ياكى بىر قانچە ئۇرۇق قانداشلىق، توغقانچىلىق ئاساسىدا بىر قەبىلە بولۇپ توپلاشقانلىقتىن، قەبىلە ئەزالىرىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خۇي - خۇسۇسىيەتلەر بارلىققا كەلگەن: ئۆز مەنپەئەتىنى ئۈستۈنكى ئورۇنغا قويۇپ، باشقا بىر

ئۇرۇقنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ كۆڭگەن ئۇرۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى قەبىلىنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن بولسا، بۇ قەبىلىدىكىلەر يەنىلا باشقا قەبىلىدىكىلەرنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتلاقلىرىنى، مال - چارۋىسىنى تارتىۋېلىش ھادىسىلىرىنى دائىم سادىر قىلىپ تۇرغان. بۇ خۇسۇسىيەت ۋە ھەرىكەتلەر قەبىلە بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى ئۇلغايتقان. ئۇرۇق ئەزالىرىدا ئوخشاشمايدىغان خۇيلار ئۆسۈپ بارغان. باشقا قەبىلىگە ھۇجۇم قىلىپ تەييارغا ئىگە بولۇشنى كەسىپ قىلغان قەبىلە ئەزالىرىدا ئاچكۆزلۈك، شەخسىيەتچىلىك، ئۇرۇشقاقلىق، ھارامخورلۇق پىسخىكىسى پەيدا بولۇپ كۈچەيگەن. ئۇنىڭ قارشىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەزالىرىدا رەزىللىككە قارشى تۇرۇش، ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش پىسخىكىسى يېتىلگەن.

مانا بۇ بىر قاتار پىسخىك ئامىللار قەبىلە ئەزالىرىنىڭ خۇي - مىجەزىدە قەبىلىۋازلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئاستا - ئاستا قانغا ئۆتۈپ، ئىرسىيەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا قەبىلىۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىللەت خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان. بەزىدە قەبىلە ئىتتىپاقى، خانلىقلارنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. «ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ يېرىمى ئوردىدىكى مال - بايلىقنى بۇلىغىلى ماڭدى، يېرىمى ئۇرۇشقىلى كەلدى...①» قەبىلىۋازلىق خاھىشى قەبىلە ئەزالىرىنى شۇنداق رەزىللەشتۈرگەنكى، قوشنا قەبىلىنى يوقىتىش ئۈچۈن يات قوۋملارنى ئىشقا سالغان. بەزى قەبىلىلەر قەبىلىۋاز قوشنا

① «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دىن.

قەبىلىلەرنىڭ دەشتىدىن ماكانىنى تاشلاپ جاپالىق جايلارنى ماكان تۇتقان، «بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۆچلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن... دۆلىتىدىن ئايرىلىپتۇ... خاقانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ...①».

«قەبىلىۋازلىق» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە داۋاملىشىشى، بىرىنچىدىن، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ پسىخىكىسىدا نادانلىق، ئېتىقادسىزلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقى، كۆچەبەتلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىرسىيەتلىك داۋاملاشقانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ پسىخىكىسىدا ئاچكۆزلۈك، هارامخورلۇق ئىللەتلىرىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدىن يىراقلاشقانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆز خاھىشىنى قەبىلە مەنپەئەتى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى ئەزالىرىغا سىڭدۈرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىدىيە قەبىلىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، پسىخىك هالەتكە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن قەبىلىۋاز قەبىلىلەردە ئۆزىگە قوشنا قەبىلىنىڭ چارۋىسى، مال ـ دۇنياسى، ئوتلاقلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش؛ باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش بىردىنبىر خاراكتېر بولۇپ قالغان. تار مەنپەئەتپەرەسلىكنى چىقىش قىلغان قەبىلىۋازلىق پسىخىكىسى دەۋر، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى، چوڭ ـ كىچىك يۇرتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، يۇرت بىلەن يۇرتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىلىپ ياشىشى، يۇرت بەگلىرىنىڭ ئاهالىنى باشقا يۇرت خەلقىنىڭ مەنپىئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا قۇترىتىشى ۋە باشقا يۇرت خەلقىنى

---

① «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىن.

كەمسىتىشكە ئۆگەتكەنلىكى يۇرتۋازلىقنى پەيدا قىلغان بىر مەنبە ھېسابلىنىدۇ . لېكىن بۇ ئىچكى مەنبە ئەمەس ، قەبىلىۋازلىق پىسخىكىسىنىڭ ئۇدۇم بولۇپ داۋاملاشقانلىقى ، قېنىدا ئاشۇ خۇي بولغان ئاھالىلارنىڭ « يۇرت » بولۇپ توپلاشقانلىقى ، كونا ئىللەتنىڭ يېڭى شارائىتقا ماسلىشىپ يېڭى تۈس ئالغانلىقى ئىچكى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىكى بىر سەۋەبنى تارىخىمىزنىڭ ئايرىم باسقۇچلىرىدا بەزى قەبىلىلەرنىڭ ھۆكۈمران قەبىلە ، ئاقسۆڭەك قەبىلە ، چوپان قەبىلە ، تېرىقچى قەبىلە ، تۆمۈرچى قەبىلە ... دېگەندەك ناملاردا ئاتالغانلىقىدىن ياكى شۇ نامنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . يەنە بىر سەۋەبنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى يۇرتلاردا خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەت بۆلۈنۈپ ياشىغانلىقىدىن ؛ دىن تارقىتىش ئۇرۇشى ، دىن ئوخشاشماسلىقتىن دۈشمەنلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

يۇرتۋازلىقنىڭ مەلۇم يۇرت ئاھالىسىدە تېپىك خاراكتېرلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مىللەت قېنىدىكى شالغۇتلىشىش ئامىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا ئۆز تەركىبىگە 8 — 9 يات قوۋمنى سىڭدۈرۈپ كەتكەن . مۇشۇ قوشۇلغان قوۋملار بىر يۇرتتا ( بىر نەچچە يۇرتتا ) توپلاشقان ياكى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان . يۇرتۋازلىقنىڭ ئىپادىلىنىش ھالىتىگە ئاساسلانغاندا ، يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە توپلىشىپ شەكىللەنگەن يۇرتلاردا يۇرتۋازلىق پىسخىكىسى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ . بۇنىڭدىن قانداشلىقنىڭ رولىنى ، شالغۇتلىشىشنىڭ مۇرەككەپ

خوي - مىجەزىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ ئىككىسىنىڭ مىللەتنىڭ ئىستىنىك تەركىبىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئوخشاشمىغان ھالەتتىكى يۇرتۋازلىق ئامىللىرى پەيدا قىلىدىغان يۇرتۋازلىق ئىپادىلىرى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ ھەم مۇرەككەپ روھىي ھالەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. يۇرتۋازلارنىڭ خۇيىدا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ شۇ يەردىكىلەرنى بوزەك قىلىش خۇيى ۋە ئۇدۇمى يېتىلگەن بولىدۇ.

قەيەردە يۇرتۋازلار بولسا، شۇ يەردە گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپچىلىك بولىدۇ. يۇرتۋازلىق پىسخىكىسىدىكى ئادەملەر بىر ئورۇنغا باش بولسا، بىرىنچى بولۇپ يۇرتلۇقلىرىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ ھەمدە شۇ ئورۇندىكى باشقا يۇرتلۇقلارنى چەتكە قېقىپ زەربە بېرىدۇ. شۇ ئورۇندا ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى چوڭراق ئەمەل تۇتقان باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىپ، ئارقىسىدىن ئىغۋا توقۇپ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، يۇرتداشلىرىغا تۇتقۇزۇشنى پىلانلايدۇ. باشقا يۇرتلۇقلار كىچىككىنە سەۋەنلىك سادىر قىلسا ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيدۇ. يۇرتلۇقلىرىنىڭ يامان ئىشىنى تۆھپە، ناچار خۇيىنى ئېسىل پەزىلەت دەپ جار سالىدۇ. ئىشقا قويۇشتا ئىقتىدار، بىلىم، ئەخلاقىي پەزىلىتىنى كۆزدە تۇتماي، يۇرتلۇقىنى ئىزدەپ تاپمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ.

يۇرتۋازلارنىڭ پىسخىكىسىدا ھەسەتخورلۇق گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇلار باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىپ نەتىجە قازىنىشىدىن بەك قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ نەتىجە يارىتىش ئىمكانىيىتىنى توسۇش ئۈچۈن باھانە تېپىپ توسالغۇلۇق قىلىدۇ. باشقا يۇرتلۇقلار نەتىجە قازىنىپ قالسا، نەتىجىسىنى تۆۋەنلىتىشكە

ياكى يوقۇقا چىقىرىشقا، ھەتتا قارا چاپلاپ جىنايەتكار قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن چىقىمچىلىق قىلىش، تۆھمەت چاپلاش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ باشقۇرغۇچىلارنى كولدۇرلىتىدۇ.

يۇرتۋازلار نەيرەڭۋاز كېلىدۇ. ئۇلار باشقا يۇرتلۇقلارنى ئالداپ - سېيلاپ ئۆزىنىڭ سىزىقىغا دەسسىتىشكە، ئۆزى ئۇچۇن كەتمەن چاپقۇزۇشقا تىرىشىدۇ. ھېيلىسى ئاقمىسا بىر ئۆرۈلۈپلا ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ دۈشمەنلىشىشكە ئۆتىدۇ.

يۇرتۋازلار كىچىككىنە بىلىم، ھۈنەرگە ئىگە بولسا، ئۆزىنى قالتىس ئىقتىدارلىق، بىلىمى يۇقىرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ خېلى يۇقىرى بىلىمى، ئىقتىدارى بولسىمۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ.

يۇرتۋازلار ئۇرۇشقاق كېلىدۇ. باشقا يۇرتلۇق قوشنىسى، ئىشدىشىغا ھەر دائىم ئۇشۇقلۇق قىلىدۇ. يول ماڭغاندا باشقا يۇرتلۇقلار ئارقىسىدىن ماڭمىسا، ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا يولنى بوشىتىپ تۇرمىسا، ھەر كۈنى «تاۋاق» سۇنۇپ تۇرمىسا باھانە تېپىپ ئۇرۇشىدۇ. بالىلىرىنى باشقا يۇرتلۇق قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىغىلى قويمايدۇ. يولسىز قىلمىشلىرىغا پىكىر قىلسا چوڭ - كىچىك ھەممىسى چىقىپ «يۇرتىنىڭ تايىنى يوق»، «قەلەندەر» ... دەپ تىللايدۇ، ھەتتا تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ چىقىپ جېدەل قىلىدۇ.

يۇرتۋازلار تويلىشىشتىمۇ يۇرتۋازلىق قىلىدۇ. باشقا يۇرتلۇقلارغا قىز چىقارمايدۇ، باشقا يۇرتلۇقلاردىن ئوغۇل ئۆيلىمەيدۇ. بىرەرسى باشقا يۇرتلۇقلاردىن ئۆيلەنسە ياكى باشقا يۇرتلۇقلارغا قىز چىقارسا ئارىغا ئالمايدۇ. ئۇنى يۇرتلۇقلار ئىزىمىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.

ئومۇمەن، يۇرتۋازلارنىڭ يۇرتۋازلىق پسىخىكىسى ئىرسىيەت، ئۇدۇملۇق داۋاملىشىدۇ. ئۇلار قانداقلا جايدا بولمىسۇن، ئەخلاق، نىيەت، ئېتىقاد، غۇرۇر قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرلىنىشى بىلەن باشقا يۇرت ئادەملىرىدىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئېتىقادسىزلىق، كاززاپلىق، داپىۋازلۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك قاتارلىق پسىخىك ئىللەتلەر خۇي - ئۇدۇمغا ئايلانغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇستىسىدىن شاگىرتى ئېشىپ كەتكەندەك، ئىلگىرىكى يۇرتۋازلاردىن ھازىرقى يۇرتۋازلاردا يۇرتۋازلىق تېخىمۇ ئۇلغايغان ۋە كۈچەيگەن. ئۇلار باشقىلارنىڭ يۇرتۋازلىقىدىن كۈچ ئېلىپ ئۆزىنىڭ بۇ ناچار قىلمىشىنى ھېچبىر قىينالمايلا ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ داپىۋازلۇقىدىن يۇرتۋازلىقنى « يۇرتنى سۆيگەنلىك » دەپ چىرايلىق بېزەۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئەيمەنمەستىن « غۇرۇر » دەۋاتىدۇ.

يۇرتۋازلىق پسىخىكىسىغا يانداش يەنە بىر ئىللەت — يۇرت خۇيى ۋە يۇرت خۇيى ئۇدۇمى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە يۇرتۋازلىق پسىخىكىسىغا گىرەلىشىپ ۋە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. تازا دىققەت قىلغاندا ئۇ يۇرتۋازلىقتىن پەرقلىنىدۇ.

ھەر بىر يۇرتتا بىر ياكى بىر نەچچە خىل تىپىك يۇرت خۇيى بولىدۇ. بىر يۇرتتا شەخسىيەتچىلىك، بىرسىدە تەمەخورلۇق ئىللىتى، بىرسىدە ئۇرۇشقاقلىق، يەنە بىرسىدە ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، بەزىسىدە بولسا ھورۇنلۇق، پىتنىخورلۇق ياكى ئاچكۆزلۈك، ئىناقسىزلىق ئىللەتلىرىنىڭ بىرى ياكى ئىككىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى يۇرتۋازلىق بىلەن بىرىكىپ، يۇرتۋازلىقنىڭ ھالىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ. يۇرتۋازلار

ئىچىدىمۇ يۇرت يۆلەكلىرى بويىچە يۇرت خۇيى شەكىللىنىپ بولغاچقا، يۇرتۋازلار كىچىك يۇرت بويىچە يۇرتۋازلىق قىلىشىدۇ. يۇرت خۇيى پسخىكىسى يۇرتۋازلىق پسخىكىسىنىڭ ئىجتىمائىي يۆلەنچۈكى بولۇپ رول ئوينايدۇ. ئۇ باشقا پسخىك ھالەتلەرگە ئوخشاشلا قانۇنىيەت بويىچە پەيدا بولۇش، داۋاملىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

يۇرتۋازلىق — مىللەتنىڭ بىرلىكى، ئۆملۈكى ۋە ئويۇشۇش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان كۈشەندە. ئۇ ئىناقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، مىللەت ئەزالىرىدىكى قاششاقلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، روھىي چۈشكۈنلۈك، بىكىنمىچىلىك ۋە چەكلىمىلىكنى ئۇلغايتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، يۇرتۋازلىق پسخىكىسى يامرىغان ياكى باش كۆتۈرگەن مىللەتتە ئۆملۈك ۋە پىكىر بىرلىكى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ - دە، كىشىلەر قومدەك چېچىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللەت ئىچىدە يەنە باشقا نۇرغۇن پسخىك ئاجىزلىقلار پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ باشقۇرۇش - بويسۇنۇش پسىخىكىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بويسۇنغۇچىلاردا ئۆزگىگە بويسۇنماسلىق، باشقۇرغۇچىلارغا ئۆزگىگە رەھىمسىز بولۇشتەك پسىخىك ھالەتنى ۋە غەيرىي ئىجتىمائىي ئىللەتنى يېتىشتۈرىدۇ. ئېتىقاد قۇرۇلمىسى جەھەتتە ۋەتەن، مىللەت ۋە غايە ئېتىقادىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ، مىللەتنى خار - زارلىق چۆلگە تاشلايدۇ.

# 10 . ئاداۋەتخورلۇق

ئاداۋەت ۋە ئاداۋەتخورلۇق، ئىنسان پسىخىكىسىدىكى بىر خىل روھىي ھالەت ۋە ئۇنىڭ ئىنكاسى. ئۇ، ئادەم پسىخىكىسىدا باشقا روھىي ئاجىزلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان مەنبە. بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى، ماددىي مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پسىخىك ساغلاملىقىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئاداۋەتخورلۇقتىن ئىبارەت بۇ روھىي ئاجىزلىقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىۋېلىش، مەنبەسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى مۇھىم.

ئاداۋەت — بىر - بىرى بىلەن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا پەيدا بولغان، بىر - بىرىگە ئۇخشاشمايدىغان مەقسەت ھەم پسىخىك توقۇنۇشنىڭ ئىنكاسى. ئاداۋەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاداۋەتخولۇققا ئايلىنىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىغىلى بولىدۇ.

1) رەنجىش ئاداۋىتى؛ 2) تەمەخورلۇق ئاداۋىتى؛ 3) تەنقىد ئاداۋىتى؛ 4) ھەسەتخورلۇق ئاداۋىتى؛ 5) تەمەننا ئاداۋىتى؛ 6) ئۇرۇشقاقلىق ئاداۋىتى؛ 7) يامان كۆرۈش ئاداۋىتى؛ 8) يۇرتۋازلىق ئاداۋىتى؛ 9) ھوقۇق - ئىمتىياز ئاداۋىتى؛ 10) مەنپەئەت ئاداۋىتى.

**رەنجىش ئاداۋىتى** — بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن رەنجىشىدىن تۇغۇلىدىغان ئاداۋەت. ئۇ ئىككى سەۋەبتىن تۇغۇلىدۇ: بىرى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن ئورۇنسىز زەربە يېگەندە، زەربە بەرگۈچىدىن رەنجىپ ئاداۋەت تۇتىدۇ؛ يەنە بىرى، زەربە

بەرگۈچىدىكى رەنجىش پىسخىكىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاداۋەت. ئۇ، باشقىلارغا ناھەق زەربە بېرىپ ئارقىدىن ئاداۋەت تۇتۇشتا كۆرۈلىدۇ. ئالدىنقىسىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. كېيىنكىسى روھىي ھالەتكە مەنسۇپ.

**تەمەخورلۇق ئاداۋىتى** — بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن كۈتكەن تەمەسى ياكى غەيرىي مۇددىئاسى پەيدا قىلغان ئاداۋەت. ئۇ، مەلۇم باشقۇرغۇچى، تۇغقان، قوشنا، ئىشداشنىڭ بىر خىل نىيەتنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن بويسۇنغۇچى، تۇغقىنى، قوشنىسى، ئىشدىشىدىن مەلۇم تەمەنى ئورۇنداشنى كۈتكەندە، تەمەسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىسا، ئىشقا ئاشۇرمىغۇچىغا ئۆچلۈكى كېلىپ قوزغىلىدىغان ئاداۋەتتۇر. بۇ خىل ئاداۋەت يولسىز بولغانلىقى ئۈستىگە، بەك كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل ئاداۋەتتە يەنە خۇشامەت، سالام قىلمىغانلىغا ئاداۋەت تۇتۇش تىپىمۇ بار. بۇ ئاداۋەتخورلار بويسۇنغۇچى، تۇغقىنى، قوشنىسى، ئىشدىشىنى يامان كۆرۈپ، پۇرسەت تېپىپ زەربە بېرىپ، ئۆچ ئېلىشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

**تەنقىد ئاداۋىتى** — ئادەتتە كۆپ يۈز بېرىدىغان ئاداۋەت تۈرى. ئۇ، ئەر - خوتۇنلار، ئاتا - ئانا، بالىلار، باشقۇرغۇچىلار بىلەن بويسۇنغۇچىلار، تۇغقان بىلەن تۇغقان، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار، قوشنا بىلەن قوشنا، ئىشداشلار ئارا بىر - بىرىنى بىرەر ئىشتا تەنقىد، تەنبىھ قىلغاندا، مەلۇم بىر تەرەپتە يۈز بېرىدىغان ئاداۋەت. بىرسى يەنە بىرسىنى تەنقىد قىلغاندا، تەنقىد قىلىنغۇچى تەنقىد قىلغۇچىغا ئاداۋەت تۇتىدۇ؛ يەنە بىر ئەھۋالدا، تەنقىد قىلىنغۇچى تەنقىدنى قوبۇل قىلماي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرسا، تەنقىد قىلغۇچى تەنقىد قىلىنغۇچىغا ئاداۋەت تۇتىدۇ.

**ھەسەتخورلۇق ئاداۋىتى** — ئاداۋەتخورلۇق ئىچىدىكى ئەڭ يامان

ئاداۋەت تۈرى . ھەسەتكە مۇپتىلا بولغانلار ئەتراپىدىكىلەرنىڭ
بىرەر ئىشتا نەتىجە قازانغانلىقىنى كۆرگەندە؛ ئىناۋىتى، ئىجتىمائىي
ئورنى، ئەمگىكى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەندە
ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىپ پەيدا بولىدىغان ئاداۋەت . ھەسەتخورلار
باھانە - سەۋەب ئىزدەپ، « رەقىبى » نى ئىناۋىتىدىن،
نەتىجىسىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ . بۇ خىل
ئاداۋەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىككىنچى ئادەمنىڭ مۇناسىۋەت
سەۋەنلىكى سەۋەب بولمايدۇ . ھەسەتخورلار باشقىلارنى
كۆرەلمىگەندە، ئىچى تارلىقى تۇتقاندا، ئۆزىچە ئاداۋەت تۇتۇپ،
ئاجايىپ قىلىقلارنى قىلىشقا باشلايدۇ . ھەسەتنىڭ بارلىق
ھالەتلىرى ھەسەت ئاداۋىتىنى تۇغدۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ
ھەمدە ئۇنى تۇغدۇرىدۇ . ھەسەت ئاداۋىتىگە مۇپتىلا بولغان ئادەم
« رەقىبى » نى يېڭىش ئۈچۈن، ھەتتا، دۈشمەنگە ئايلىنىپ
كېتىشىمۇ مۇمكىن .

تەمەننا ئاداۋىتى ــ باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈپ، كۆزگە
ئىلماسلىقتىن، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن ۋە ئۆزىنى قالتىس
چاغلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاداۋەت . بۇنداق پىسخىكىلىق
ئادەملەر باشقا ئادەمنىڭ ئۆزىنى چوڭ بىلمىگەنلىكى، ئۆزىگە
بويسۇنمىغانلىقى ( خۇشامەت قىلمىغانلىقى ) غا ئۆچلۈكى
كېلىپ ئاداۋەت تۇتىدۇ . تەمەننا ئاداۋىتى مۇرەككەپ پىسخىك
ھالەتتىن پەيدا بولغانلىقتىن، بۇ خىل ئاداۋەت ئاسانلىقچە
تۈگىمەيدۇ . بۇ ئاداۋەت ھەسەت، يۇرتۋازلىق ئاداۋىتى ھەم ھوقۇق
- ئىمتىياز ئاداۋىتى بىلەن بىرىكىپمۇ كېتىدۇ .

**ئۇرۇشقاقلىق ئاداۋىتى** ــ ئۇرۇشقاقلىق خۇيى پەيدا قىلىدىغان
ئاداۋەت . ئۇرۇشقاقلىق پىسخىكىسىغا ئىگە ئادەمدە ئۇرۇشقاقلىق

تېشىغا تەپكەنلىكتىن — بىرەر ئادەمدىن بىرەر باھانە تېپىپ، ئۇرۇشۇپ ئاداۋەت تۇتمىسا، يېگىنى چىرايىغا چىقمايدۇ، ياتسا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئادەم بىر دەم بىرسى، بىر دەم يەنە بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاداۋەت تۇتىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە تەمەننا، ھەسەتخورلۇق قوشۇلۇپ باشقىچە رول ئوينايدۇ.

**يامان كۆرۈش ئاداۋىتى** — كىشىلەردە باشقىلارنى ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يامان كۆرۈشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئاداۋەت بىرى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بويسۇنمىغانلىقى، نەپ بەرمىگەنلىكىگە قارىتا يامان كۆرۈشتىن؛ يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن يامان گەپ قىلغانلىقىنى ئۇققاندا، ئۇنى يامان كۆرۈشتىن؛ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا زىيانكەشلىك، يامانلىق قىلغان، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى بوزەك قىلغانلارنى يامان كۆرۈشتىن؛ ناچار، بەتخۇي ئادەمنى يامان كۆرۈشتىن پەيدا بولىدۇ. بىرىنچى خىل يامان كۆرۈش ئاداۋىتىدە ناچار ئىدىيە، يامان نىيەت رول ئوينىغان، چېقىمچىلار قاتناشقان بولسا؛ كېيىنكىسىدە، گۈزەل كىشىلىك ئەخلاق ئاساسي ئورۇندا تۇرىدۇ.

**يۇرتۋازلىق ئاداۋىتى** — يوشۇرۇن ھەم رەزىل ئاداۋەت. يۇرتۋازلار بىر يۇرتلۇق ئەمەسلەرنى يەكلەپ، ئۇلار ئىچىدىكى قابىلىيەتلىكلەرنى ئۆچ كۆرۈپ، ئۇلارغا ئاداۋەت تۇتىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇنى بىلدۈرمەيدۇ، مەلۇم شارائىت ياكى ماكان، زاماندا ئاداۋىتىنى ئاشكارىلاپ، دۈشمەنلىشىشكە باشلايدۇ. ئۇلار بەزى چاغلاردا يۇرتلۇقلىرىنى توپلاپ، كوللېكتىپ ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. يۇرتۋازلىقتا ياندىشىپ ماڭىدىغان يۇرت خۇيمۇ ئۆز نۆۋىتىدە، يۇرتۋازلىق ئاداۋىتىنى پەيدا قىلىدۇ ھەم كۈچەيتىدۇ.

بۇ تۈۋرلۈك ئاداۋەتكە يەنە تەمەننا ئاداۋىتى، ھەسەتخورلۇق ئاداۋىتى، يامان كۆرۈش ئاداۋىتى، تەمەخورلۇق ئاداۋىتىمۇ ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ھوقۇق - ئىمتىياز ئاداۋىتى — ھوقۇق تۇتقانلار، ئىمتىيازلىقلاردا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئاداۋەت. بۇ خىل ئاداۋەت بىر - بىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى، ئىمتىيازى ۋە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى بىلەن بىرى يەنە بىرىگە ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، ھەسەت قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئادەملەر كۆرۈنۈشتە بىر - بىرى بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتكەندەك، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە بىرەر سورۇندا، ياكى بىرەر ئىشتا ئاداۋىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

مەنپەئەت ئاداۋىتى — كۆپىنچە شەخسىيەتچى، ئاچكۆز، ھەسەتخور ئادەمدە پەيدا بولىدىغان ئاداۋەت تۈرى. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ھېسابلىغان ئىشنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولماي، باشقىلارغا تەۋە بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئەتراپىدىكى ئادەملەر مەنىۋى مەنپەئەت ياكى ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە بولسىلا، مەنپەئەتكە ئىگە بولغۇچىغا ئاداۋەت تۇتىدۇ. بۇ خىل ئاداۋەت ئادەتتە ھەسەتخورلۇق ئاداۋىتىگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئاداۋەتخورلۇقنىڭ ئىپادىلىرى بىر - بىرىدىن مۇرەككەپ، ھالەتلىرى كۆپ خىل، كەلتۈرىدىغان زىيىنىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنى ئادەتتە بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىش رولىنى ئوينايلا قالماستىن، ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىدا ھەر خىل روھىي ئاجىزلىقلارنىڭ پەيدا

بولۇشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەنبە بولىدۇ. ئاداۋەتخورلۇق ئەگەر پەيدا بولسا، شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئىناقلىقى بۇزۇلۇپ، مىللەتنىڭ زېھنىنى كۈچىنى چېچىپ، توغرا يولدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

# 11. دورامچىلىق

دوراش — كىشىلىك تۇرمۇشتا مەلۇم رولغا ئىگە ئاڭ پائالىيىتى بولۇپ، ئادەمدىكى بىر خىل پسىخىك ھالەتنىڭ ئىنكاسى.

رېئال تۇرمۇشتا دوراشنىڭ ئىپادىلىرى ھەر خىل بولىدۇ ھەم بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولى ھەم كەلتۈرىدىغان ئاقىۋىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك دوراشنىڭ ئىپادىلىرىنى، نەتىجىسىنى بىلىش مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئىككى ۋە پسىخىكىسىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلارنى تونۇپ چىقىشتا ئەھمىيەتكە ئىگە.

دوراش ئىنسانىنىڭ بالىلىق باسقۇچىدىن باشلىنىدۇ. كىچىك بالا كۆز ئالدىدا قىلىنىۋاتقان سۆز - ھەرىكەتنىڭ بەزىلىرىنى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئاڭسىز ھالدا دورايدۇ. بۇ ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر، ھەرىكەت قابىلىيىتىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بالاغەتكە يەتكەن، چوڭ ياشتىكى كىشىلەردىكى دوراشنىڭ ھالىتى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، ئىلغارلىقنى دوراش — ئۆلگە قىلىش؛ ئىككىنچىسى بولسا، دوراپچىلىق قىلىپ، ناچار، زىيانلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنى

قوبۇل قىلىۋېلىشتۇر. بىرىنچى خىل دوراشتا ئىنسان گۆدەكلىك باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، بەلگىلىك بىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۈلگە قىلىشتا خاتىرىلەنسە؛ دوراشنىڭ ئىككىنچى خىلى مەلۇم ئادەم، مىللەتنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك ئىگى ۋە پسىخىكىسىدىكى نادانلىق، ئېتىقادسىزلىق، غۇرۇرسىزلىق تۈپەيلى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە، ئېستېتىك چۈشەنچىسىگە ماس كەلمەيدىغان، باشقا ئادەم، باشقا مىللەت (باشقا جۇغراپىيىلىك ئورۇندا ياشاۋاتقان كىشىلەر توپى) نىڭ تەبىئىتى، تۇرمۇش ئادىتى ھەم پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى يات ئۇسۇل، غەيرىي ئەخلاق، غەيرىي تۇرمۇش رىتىمىنى قارىغۇلارچە دوراپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشتا خاراكتېرلىنىدۇ.

ئىلغارلىققا مەنسۇپ بولغان ئۈلگە قىلىش ئاساسىدىكى دوراش پسىخىكىسى ئادەمنى، مىللەتنى يۈكسىلىش، گۈللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ قارشى تەرىپى بولغان دورامچىلىق پسىخىكىسى شۇ ئادەم، شۇ مىللەتنى ئارقىدا قالدۇرۇش، قولغا كەلتۈرگەن، ئۆزىگە تەۋە بولغان مەنىۋى بايلىقلىرىنى يوق قىلىشقا، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا مىللەت ئىچىدىكى ئايرىم ئادەملەر دورامچىلىقنى كەسىپ ۋە خوي قىلىپ، نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلارنىڭ خوتۇنبازلىقىنى، يۇرتۋازلىقىنى دورىسا، بەزىلىرى ئۇرۇشقاقلىقىنى دورىغان؛ بەزىلەر ئاچكۆزلۈك،

نەپسانىيەتچىلىكنى دورىسا، بەزىلىرى ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قورساق تومپايتىشنى دورىغان. بەزىلىرى يات ئەلدىن كەلگەن «پىر» لارنى دوراپ جاھانكەزدىلىك، قەلەندەرلىك قىلغان، بۇ دوراmچىلىقلار بەزى مىللەت ئەزالىرىنىڭ قېنىغا سىڭىپ ئۇدۇم بولۇپ داۋاملاشقان، ئەۋلادلارغا خۇي بولۇپ قالغان. مىللىتىمىز ھەر قېتىم يېڭى بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغاندا، شۇ دىننى تارقاتقان (ياراتقان) مىللەتنىكى ئادەم ئىسىملىرىنى پەرزەنتلىرىگە دوراپ قويۇپ ئۆزىنىڭ مىللىي ئىسىم خاسلىقىنى يوقىتىشقا يۈزلەنگەن؛ بىر قىسىم دوراmچى، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مىللىي تىلىمىزنى ئەبجەشلەشتۈرۈشتىكى «ئۇلۇغ تۆھپىلىرى» مۇ مىللىي تىلىمىزنىڭ خاسلىقىغا ئاز بولمىغان نۇقسانلارنى يەتكۈزدى. خۇددى شائىر نىمشېھىت «پەرھات - شېرىن» داستانىدا «بۇرۇنقىلاردا بولدى بىر ئىبرىش» - دېگەندەك، بۇ دوراmچىلىقلار مىللەتنىڭ تىلىنى زور دەرىجىدە ياتلاشتۇرۇشقا سەۋەبچى بولغان. مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق كىشىلەرنى «قىپچاقلاشتى، تۈيۈقلاشتى» دەپ قامچىلىغان. دوراmچىلىقنىڭ بازار تېپىشىدا ياتلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىپ «تالىپ» (تالىبە) يېتىشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ بارلىقى ئېنىق (بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر نۇقتا). مۇشۇنداق سەۋەبلەر ۋە ئىچكى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىزدە دوراmچىلىق شۇ دەرىجىگە بارغانكى، دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر 12 مۇقامىمىزنىڭ نامى پارس - ئەرەب تىلىنى دوراشقا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن شەخسلەرنىڭ «ئۆلمەس تۆھپىسى» بىلەن يات تىلدا ئاتالغان (

ئۆزگەرتىلگەن ) . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئىسمىغا قاراپ 12 مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس ، ئۇ ، باشقا مىللەت « پارس ، ئەرەب » نىڭ ياكى شۇنىڭ ئۆزلەشتۈرمىسى دەپ دەۋا قىلىدىغانلار چىقمايدۇ ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ دورامچىلىق ئەسلىدىنلا غەيرىي نورمال روھىي ھالەتنىڭ پسىخىك ئىنكاسى بولغانلىقتىن ، بۇنداق پسىخىكىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىدە دورامچىلىقنىڭ ھەر خىل ھالىتى ۋە ئىنكاسى ھەرقانداق ماكان ، زاماندا ھامان ئەكس ئېتىدۇ ھەم ئىجتىمائىيەتتە قارا تۇتەك پەيدا قىلىدۇ .

نۆۋەتتە دوراش ۋە دورامچىلىق بىرنەچچە تەرەپلەردە كۆرۈنەرلىك بولماقتا . نۇرغۇن ياشلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتپەرۋەرلىك ئېتىقادى ، ئالغا ب‍ېسىش غايىسى بىلەن ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشكە ماسلىشىپ چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى ، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى ئىگىلەشنى نىيەت قىلدى . بەزىلەر دورامچىلىق ئۇدۇمىنى ئىشقا سېلىپ ، غەربنىڭ چاكىنا تۇرمۇش ئادىتىنى ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىكى ناچارلىقنى ، غەيرىي ئەخلاق تەبىئىتىنى دوراۋاتىدۇ . بەزىلەر فېئودالىزم پەيدا قىلغان زىيانلىق ئادەت قوشۇلمىلىرىنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتىدۇ . غەرب كىنو - تېلېۋىزىيىلىرىدىكى ناچار زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى دوراپ ، ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكە ئېنتايىن ئېغىر زىيانلارنى سېلىۋاتىدۇ ... ۋەھاكازالار .

دورامچىلىق قىلىش دەۋر تەلىپى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ . بەلكى مىللەت — دەۋر مۇناسىۋىتىنى تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ . باشقىلارنىڭكىنى دوراش بەدىلىگە مىللەتنىڭ

ئەنئەنىۋى خاس ئېسىل مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، سەنئىتىنى ئۆزگەرتىش مىللەتنى ئۆز ئۆزىنى ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. دۇرامچىلىق قىلغانلار ھېچقاچان باشقا مىللەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئەمەس، دۇرامچىلىق بىلەن بىرەر مىللەت تەرەققىي قىلغانمۇ ئەمەس.

# 12 · چېقىمچىلىق

ئىنسان ئۆزىنىڭ گۈزەل مىجەز - خۇلقى ۋە ئەخلاقى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنى ئەھمىيەتلىك قىلىدۇ. ئەپسۇس، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك قەدىمدىن تارتىپ ئوخشاش نىسبەتتە بولمىسىمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. چېقىمچىلىق ئىنسانلار ئارىسىدا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ھەممىلا يەردە تىمسىقلاپ يۈرۈپ، كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىش، بىر - بىرىگە ئۆچلەشتۈرۈۋېتىش، گۇناھسىز كىشىلەرگە قارا چاپلاش، ئاقىۋەتتە ياخشى ئادەمنى ئازاب - ئوقۇبەتكە، ھالاكەتكە ئىتتىرىۋېتىشتەك تراگېدىيىلەرنى پەيدا قىلىپ جەمئىيەتكە، خەلققە ئاپەت ئېلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

چېقىش، چېقىشتۇرۇۋېتىش، چېقىمچىلىق ئاتالغۇلىرى بىرلا مەزمۇننى ئىپادىلىسىمۇ، مەنە جەھەتتە مەلۇم پەرقلەر بار. چېقىش دېگەندە بىر ئادەمنى بىۋاسىتە يەنە بىر ئادەمگە چېقىشنى كۆرسەتسە، چېقىشتۇرۇۋېتىش بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمگە چېقىشتىكى ئالاھىدە ۋاسىتىنى، يەنى باشقا بىر ئادەمنى ئىشقا سېلىپ چېقىشنى كۆرسىتىدۇ؛ چېقىمچى ياخشى ئادەملەرنى سېرىق ھەرىدەك چېقىپ تۇرمىسا كۆڭلى ئارامىغا چۈشمەيدىغان، چېقىمچىلىقنى كەسىپكە ئايلاندۇرغان ئادەملەرنىڭ سۈرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ. چېقىمچىلىق يۇقىرىقى ئىپادە - ھەرىكەتلەرنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، چېقىمچىلىق —

ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى غەيرىي نورمال خۇسۇسىيەتنىڭ ئاسلاتى بولۇپ، ئۇ ھەسەت قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. چېقىمچىلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان سەممىي كىشىلەر ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تېرىش، يوق يەردىن گەپ ئويدۇرۇش، تۆھمەت قىلىش، قەستلەش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. چېقىمچىلىق ھەسەتخورلۇق بىلەن يىلتىزداش بولۇپ، تولىمۇ ناچار ئەخلاقىي قىلمىشنىڭ بىرى. ئۇ جىنس، مىللەت، دىن ئايرىمايدۇ. بۇلارنى چېقىمچىلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ۋە نىيىتى بەلگىلىگەن. چېقىمچىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىككە ئوخشاش بىر كىشىدىن يەنە بىر كىشىگە يۇقىدۇ. بۇ شۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئاجىزلىقى ياكى ئۆزگىرىشچانلىقىدىن بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، ھەسەتخورلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا چېقىمچى بولۇشى ناتايىن، پەقەت ھەسەتخورلۇقى كۈچلۈك، قارا نىيىتى بارلارنىڭ تەبىئىتىدە چېقىمچىلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، كۆرەلمىگەن ئادىمىنىڭ ئۈستىدىن چېقىمچىلىق قىلىدۇ. چېقىمچىلارنىڭ بۇنداق تەبىئىيتى ئۇلارنىڭ مەرتىۋە، ئىمتىيازغا قارىماستىن، چىرايلىق سۆپەتلەردىن ھالقىپ چىقىپ چېقىمچىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ چېقىمچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپ ئىچى تار، بەدنىيەت ئادەملەر چېقىش، چېقىشتۇرۇش بىلەن ئالىم، دانالارنى خانغا، بىلىملىك كىشىلەرنى نادانغا، ئەرنى ئايالغا، ئاتىنى بالىغا، ھۆنەرۋەنىنى سودىگەرگە، قولداشنى دوستىغا چېقىپ ياكى چېقىشتۇرۇپ، خەلققە ئاپەت، جاھانغا بالا ئېلىپ كېلىپ، ئەل ـ

يۇرتنى خانىۋەيران ، ئىتتىپاق - ئۆم خەلقنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويغان . بەزى خان ، ئەمەلدار ، خوجايىنلار بەزىدە ھەق - ناھەقنى ، ئاق - قارىنى ئايرىپ ئالالماي ، چېقىمچىلارنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىپ كېتىپ ، ئۆزىگە سادىق ، خەلققە كۆيۈمچان ، بىلىملىك ، دانا كىشىلەرنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرغان ياكى ئۇلارغا ئۇۋال قىلغان ، خارەزم شاھى ھۇسەيىن بايقارا زامانىدا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، دۇنياۋى شان - شۆھرەتكە سازاۋەر شائىر ئەلىشىر ناۋايى شاھنىڭ خانلىقنى تىكلىشىگە قوشقان تۆھپىسى ھەم ئىقتىدارى بىلەن شاھنىڭ باش ۋەزىرى بولغان . كىچىك ئەمەلدار مەجدىددىن شاھقا خۇشامەت قىلىپ ئوردىغا كىرىپ ئەمەلدار بولۇپلا ، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئىقتىدارى ، دىيانىتى ھەم خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە ھەسەت قىلىپ ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن شائىرنى شاھقا چاققان . نەتىجىدە ، ناۋايى پايتەختتىن قوغلانغان . بەدنىيەت چېقىمچى مەجدىددىن باش ۋەزىر بولغان . لېكىن ، ئازغىنا كۈندە ئۇنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ ، خىيانىتى ۋە سۇيىقەستى پاش بولۇپ كاللىسى كېسىلگەن . دېمەك چېقىمچىلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئەنە شۇنداق قاباھەتلىك بولۇپ ھامان ئۆزىگە يانىدۇ. قىسمەن ھاللاردا بەزىلىرى تېگىشلىك « نېسىۋە » سىگە ئۇچرىمايمۇ قالىدۇ .

چېقىمچىلارنىڭ چېقىش ، چېقىشتۇرۇش ۋاستىلىرى ، ئۇسۇلى خىلمۇ خىل . بەزى چېقىمچىلار ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا يامىشىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىگە توسالغۇ دەپ قارىغان ئادەمنى قارىلاپ ، ئۇنى ئەمەلدارغا چاقىدۇ . ھە دېگەندە ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا قاتراپ خۇشامەت قىلىپ ، ياخشىچاق بولۇۋېلىپ ، ھېلىقى « رەقىبى » ئۈستىدىن پىتنە - پاسات چىقىرىپ ، باشلىقنىڭ ۋە

ئەتراپىتىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ئۆزى توقۇپ چىقارغان يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى «رەقىبى» گە ئارتىپ، باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزىپىنى قوزغايدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۆزى بىۋاستە چېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىسا، ئۆزىنىڭ ھەمنەپەسلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. چېقىشتۇرۇلغۇچىنىڭ ئەمگىكى كۆپەيگەنسېرى، چېقىمچى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ، ياردەمچىلىرىنى پىتنە ـ پاسات تېرىشقا، چېقىشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. شۇنداق ئەھۋاللارمۇ باركى، بەزى چېقىمچىلار ئۆزى تۆت ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان تۇرۇقلۇقمۇ، چېقىشتۇرۇلغۇچى ئۈستىدىن «سەۋىيىسى يوق»، «قابىلىيەتسىز»، «نىيىتى يامان» دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىپ، ئۇنىڭ تۆھپىسى ياكى ئارتۇقچىلىقىنى يېتەرسىزلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى، قارا نىيىتىنى يېپىپ، تۆھپىكارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالماقچى بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۆزىنىڭ نىيىتىنىڭ سېزىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر قىسىم بىلىملىك، سەزگۈر ئادەملەرگە ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى ئۆزىدىن يۇقىرى مەنسەپدارلارغا چېقىپ، ئۇلارنى بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ ماڭالمايدىغان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. بۇ تولىمۇ غەلىتە قىلىق.

شۇنى بىلىش كېرەككى، چېقىشتۇرۇلغۇچىلار كۆپ ھاللاردا ئۆزى ئۈستىدىن تۆھمەت قىلىنغانلىقىنى ۋاقتىدا بىلەلمەيدۇ. بىلگەندىن كېيىن ئۇ توغرىدا ئىزاھات بېرىشنى بىئەپ كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئىقتىدارى، قابىلىيىتى ۋە ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاسانلا چېقىمچىلارنىڭ ھۇجۇم

ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ .

ئومۇمەن ، چېقىمچىلىق قەيەردە ئاقىدىكەن ، شۇ يەردە چېقىمچىلار نەپكە ئىگە بولىدۇ ، ئىلىم ئەھلىلىرى ، سەممىي ، تىرىشچان ئادەملەر زەربىگە ئۇچرايدۇ . چېقىمچىلىق قايسى مىللەت ، قايسى جايدا بازارغا ئىگە بولىدىكەن، شۇ مىللەت ، شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ، تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ . دېمەك چېقىمچىلىق — ئەجەللىك روھىي ئاجىزلىق ، كىشىلەرنىڭ تېنىگە چاپلاشقان ۋابا مىكروبى .

# 13 . يالغانچىلىق

يالغانچىلىق ـــ ئىنسان پسىخىك قۇرۇلمىسىدىكى بىر خىل غەيرىي نورمال پسىخىك ھالەت . ئۇ « راست » نىڭ ئەكس تەرىپى بولغان « يالغان » نى پەيدا قىلىدىغان خۇي ـ مىجەزدۇر .

يالغانچىلىقنى خاراكتېرى بويىچە تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ :

( 1 ) كۆز بوياش يالغانچىلىقى ؛

( 2 ) ئۆزىنى ئاقلاش يالغانچىلىقى ؛

( 3 ) ئۆزگىگە زىيان سېلىش يالغانچىلىقى ؛

( 4 ) ۋەدىسىدە تۇرماسلىق يالغانچىلىقى ؛

( 5 ) بارنى يوق ، يوقنى بار قىلىش يالغانچىلىقى ؛

( 6 ) باشقۇرۇش ، بويسۇنۇش يالغانچىلىقى ؛

( 7 ) ئىنكاس قايتۇرۇش يالغانچىلىقى ؛

( 8 ) ھىيلە ـ مىكىر ، سۇيىقەست يالغانچىلىقى .

يالغانچىلىق پسىخىكىسىنىڭ يۇقىرىقى تۈرلىرىدىن باشقا يەنە كىشىلەردە ياش ، جىنس ، كەسىپ ۋە ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ شەكىللىنىدىغان يالغانچىلىق تۈرلىرىمۇ بولىدۇ . بۇ تۈرلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئۆزىگە خاس بىر خىل خاراكتېر يېتىلگەن بولىدۇ .

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئاڭسىز ، مەقسەتسىز ھالدا قىلىنىدىغان يالغانچىلىقمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ . ئۇ ئادەتتە بالىلار ۋە ساددا ، نادان

ئادەملەر سادىر قىلىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، ئاندا - ساندا يۈز بېرىدۇ. ئۇ خاراكتېرى جەھەتتە يۇقىرىقى يالغانچىلىقلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىقى يالغانچىلىق تۈرلىرى مەلۇم «تەبىقە» گە تەۋە ئادەملەر ۋە ئايرىم ئادەملەردە تۇراقلاشقان، تۇراقلىشىۋاتقان، مۇئەييەن مەقسەتنى، نىشاننى، نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان پىسخىك ھالەت ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى گۆدەكلىك باسقۇچىدا تۇرغاندا ئىنسان پىسخىكىسىدا يالغانچىلىق مەۋجۇت بولمىغان. ئەقلىي تەپەككۇر مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ زور كۆپ قىسمىدا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى قوغلىشىش ئېتىقادى بارلىققا كېلىش بىلەن بىرگە، ئايرىم تەبىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ساختىلىق، رەزىللىك پىسخىكىسى پەيدا بولۇپ ئۆسۈشكە باشلىغان. بۇ سەۋەبلەر ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، نىيەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاخىرىدا بۇ ئىككى ئامىل پەيدا قىلغان غەيرىي نىيەت ۋە ناچار ئەخلاق ئايرىملىقى يالغانچىلىقنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى كۆپ خىل خاراكتېرگە ئىگە قىلغان. يالغانچىلىق خۇي - مىجەزى ئىرسىيەت ۋە ئۇدۇمغا ئايلىنىپ ئەۋلادلارغ ئۆتۈش سەۋەبىدىن، يالغانچىلىق ئىنسانلار ئىچىدە داۋاملاشقان ھە بارغانسېرى تۈرلىنىپ بارغان. ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ۋە ئىستىبدا ھۆكۈمرانلارمۇ يالغانچىلىق قورالىدىن پايدىلىنىپ ئەمگەكچ خەلقنى ئەزگەن.

كىشىلىك تۇرمۇشتا يالغانچىلىقنى ۋاستە ۋە كەس قىلغان ئادەملەر ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق جايدا ئۇچر

تۇرىدۇ. ئۇلار غەيرىي مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتىدە، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كەسپىي ساھەلەردە خىلمۇ خىل يالغانلارنى توقۇپ، ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ.

يالغانچىلىق باشقا روھىي ئاجىزلىقلارنى ۋە ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھەسەتخورلۇق يالغانچىلىقى، يۇرتۋازلىق يالغانچىلىقى، چېقىمچىلىق يالغانچىلىقى، ئاچكۆزلۈك، نەمەخورلۇق يالغانچىلىقى، پىتنىخورلۇق يالغانچىلىقى، ئاداۋەتخورلۇق، رەشىك يالغانچىلىقى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ، كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ھەسەتخورلۇق، يۇرتۋازلىق، چېقىمچىلىق، ئاچكۆزلۈك، نەمەخورلۇق، ئاداۋەتخورلۇقنى پەردازلايدۇ. بۇنداق بولۇشتا يالغانچىلارنىڭ ھەرخىل نىيەت، مۇددىئاسىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ باشقا پسىخىك ھالەتلىرىمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

يالغانچىلار قۇۋ، ساختىپەز، رەڭۋاز كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى يالغان گەپ، يالغان ھەرىكەتتە سەمىمىي، ئىقتىدارلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار رەڭۋاز، قۇۋلۇقلىرى بىلەن ئۆزى قىلالمايدىغان، بىلمەيدىغان ئىشنى قىلالايدىغان، بىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ.

يالغانچىلار پىتنىخور، سۇيىقەستچى كېلىدۇ. ئۇلار بار ھەرقانداق جايدا بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، سەمىمىي ئادەملەر ھەرگىز توغرا باھاغا، تېگىشلىك نىسۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يالغانچىلار ئۇلارنى نەتىجە قازىنىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلالايدۇ. ناۋادا نەتىجە قازىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلالماي

قالسا، ئۇلارنىڭ نەتىجە ئەمگەكلىرىدىن قەستەنگە سەۋەبلەر تېپىپ، ئۇنى خاتالىقتا ھەتتا جىنايەتكە ئايلاندۇرۇش قەستىدە بولىدۇ.

يالغانچىلار داپىۋز، ئالدامچى كېلىدۇ. ئۇلار ئىقتىدارسىز، بىلىمسىزلىكىدىن ئىشنى جايىدا قىلالمايدۇ. ئارقىدىن تىل تارتماستىن باھانە تېپىپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ؛ ئىشنى بۇزۇپ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ شۇ ھامان «ئۇنىڭغا باشقىلار كاشىلا قىلدى، شارائىت بەرمىدى» دەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ. جىنايەت سادىر قىلىپ پاك ئادەممەن دەپ دەۋا قىلىدۇ.

يالغانچىلار ھەسەتخور، چېقىمچى كېلىدۇ. ئەتراپىدىكىلەردىن بىرەرسىنىڭ ئورنى، ھۆرمىتى ئۆسسە، تاپىنى ئاستىدىن ئورا كولايدۇ. بارلىق «كوزىر» لىرىدىن پايدىلىنىپ قەستەن قۇسۇر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىسا باشقۇرغۇچىلارغا چاقىدۇ ياكى چېقىشتۇرىدۇ.

يالغانچىلار ئالا كۆڭۈل كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى تۇراقسىز ھەم پەسكەش بولىدۇ. ئۇلار بۈگۈن بىر ئىشقا ۋەدە قىلىپ، ئەتىسى تېنىۋالىدۇ. ھېلى بىر ئادەمگە يېقىنچىلىق قىلسا، ھېلى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ.

يالغانچىلار بارنى يوق قىلىشقا، يوقنى بار قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. قاراپ تۇرۇپلا ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دەپ سۆيلەيدۇ. ماكان، زامان ۋە شارائىتقا ماسلىشىپ يالغاننى توقۇپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان راست سۆز، ھەقىقىي ئىش قىلمايدۇ. پەقەت يالغان سۆزلەشكە ئىلاجسىز قالغاندىلا راست گەپ قىلىدۇ.

يالغانچىلىق پسىخكىسى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ئىجتىمائىيەتكە، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئىلگىرىدىن تارتىپ ھەر خىل

زىياللارنى سىلىپ كەلگەن . ھەتتا يالغان سۆز ، يالغان ھەرىكەتلەر توپەيلى ئەل ، خەلق پۇتمەس - تۈگىمەس بالايىئاپەتكە دۇچار بولغان .

ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن راست سۆزلەش ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ، باش كەتسىمۇ گېپىدىن يانماسلىقتەك ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن . راستچىللىقنى قوغلىشىپ ئۆنى ئادەم بولۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلغان . لېكىن يورۇقلۇققا قاراڭغۇلۇق ھەمراھ بولغاندەك ، يەنە بىر بۆلۈك ئادەملەر يالغان سۆز ، ساختا ئىش قىلمىسا ، باشقىلارنى ئالدىمىسا ، « يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان ، قىلغىنى ئىش بولمايدىغان » ھالەت شەكىللىنىپ قالغان .

بۇ خىل قاپاقنى پۇلغا ئالماي باراڭنى تالىشىشتەك روھىي كەيپىيات ئېنىقكى ، يالغانچىلىق پىسخىكىسىغا ئىگە ئادەملەرگە بازار ھازىرلاپ بېرىپلا قالماي ، مىللەت ، ئادەملەرنىڭ ئېتىقاد قۇرۇلمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتپەرۋەرلىك ئېتىقادى ، ئائىلە بۇرچ ئېتىقادى قاتارلىقلارنى سۇسلاشتۇرىدۇ . ئاقىۋەتتە ئىناقسىزلىق ، ئۈمىدسىزلىكنى ئۇلغايتىپ ، مىللەتنى خارابلاشتۇرىدۇ .

## 14. خوتۇنبازلىق

خوتۇنبازلىق — جىنسىي ئايرىملىق خاراكتېرىنى ئالغان پسىخىك ئامىل بولۇپ، ئۇ ئەرلەردىكى چېكىدىن ئاشقان جىنسىي ھەۋەس ۋە ئاياللارغا ھەددىدىن زىيادە ئىنتىلىشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل نورمالسىز خۇينى ۋە ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

جىنسىي ھەۋەس پەيدا قىلىدىغان پسىخىك ئامىللار مۇرەككەپلىكى بىلەن باشقا پسىخىك ئامىللاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مىللەتنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسى، ساپاسى، ئېتىقادىغا كۆرسىتىدىغان زىيانلىق رولى ھەرقانداق پسىخىك ئامىللاردىن چوڭ بولىدۇ.

خوتۇنبازلىق پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى بىر قانچە ئامىللارغا باغلىق بولۇپ، خوتۇنبازلىق نورمال فىزىئولوگىيىلىك جىنسىي ھەۋەسكە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. جىنسىي گورموننىڭ ھاسىل بولۇشى ساغلام تەنلىك ئەرلەردە تەبىئىي ھالدا ئوخشاش بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئەرلەر جىنسىي تۇرمۇشنى نورمال ئۆتكۈزىدۇ ھەم نىكاھ، ئائىلىنى قەدىرلەيدۇ. پەقەت ئايرىم ئەرلەرلا خوتۇنبازلىق قىلىپ ئاياللارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ شەھۋەتپەرەسلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭدىن جىنسىي گورموننىڭ خوتۇنبازلىقنى پەيدا قىلىشتىكى رولىنىڭ چوڭ ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

خوتۇنبازلىق پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىرسىيەت ۋە

پسخىك ئۇدۇم بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. خوتۇنبازلىقنىڭ مەلۇم بىر خىل ئىپادىسى ئادەمنىڭ پسخىك قۇرۇلمىسىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، قان ئارقىلىق ئەۋلادلىرىغا ئۆتۈپ، ئەۋلادلارنىڭ پسخىك قۇرۇلمىسىغا سىڭىپ ئۇنىڭدا قايتا يېتىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇدۇم سۈپىتىدە ئەۋلادلاردا تەكرارلىنىدۇ. مۇشۇ ئىككى خىل سەۋەبتىن ئەجدادلىرى ئىچىدە خوتۇنبازلىق پسخىكىسىنى يوقىتۇرۇۋالغانلار، زىناخورلار بار بولسا ئەۋلادلىرى ئىچىدىن خوتۇنبازلار، زىناخورلار چىقىدۇ. دېمەك، خوتۇنبازلىق مىللەت ئىچىدە ئىرسىيەت، ئۇدۇملۇق ھالىتىدە داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان خوتۇنبازلىق پسخىكىسى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى نىكاھ تۈزۈمى ۋە نىكاھ قارىشى، فېئودالىق ئەخلاق — خوتۇنبازلىقنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. فېئودالىق جەمئىيەتتىكى فېئوداللىق ھاكىمىيەت — ئەرلەر ھاكىمىيىتى ئاياللارنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلەتكەن ھەم فېئودال تەبىقىدىكىلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئەرلەر ئاياللارنى خالىغانچە بوزەك قىلسا، خورلىسا، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالسا، خالىغاندا قويۇۋەتسە ئۇنى چەكلىمەي، قوغدىغان. بۇنداق نىكاھ تۈزۈمى، نىكاھ قارىشى ئاستىدا ھوقۇق، ئىمتىيازغا ئىگە بولغانلار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالىدىغان، فېئودال خان - پادىشاھلار بىر - بىرىگە قۇدا بولۇش ياكى باشقا غەيرىي مۇناسىۋەتتە قول - دېدەكلەرنى بىر - بىرىگە سوۋغا قىلىدىغان ھادىسىلەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان.

فېئودال خان - پادىشاھلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە تەخت تالىشىش، بايلىق تالىشىش جېدەللىرىنى پەيدا قىلىپ ، خاندانلىقنى پارچىلاپ، ئەل بېشىغا ئۇرۇش ، قىرغىنچىلىق قاتارلىق بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئاياللىرى ئىچىدە كۈندەشلىك، ئۆز بالىسىنىڭ تەخت - بايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىر - بىرىگە ھىيلە - مىكىر ، سۇيىقەست ئىشلىتىش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا فېئودالار ئىچىدە زىناخورلۇق ، شەھۋەتپەرەسلىكنى ئەۋج ئالدۇرغان. بۇ خىل شارائىت ۋە خۇي - مىجەز فېئودال تەبىقە ئىچىدە پاھىشىۋازلىقنى كۆپەيتكەن. فېئودال تەبىقە ئەزالىرى بۇ خىل زىددىيەت ۋە ئىنتىلىش ئالدىدا بەزى خوتۇنلىرىنىڭ ( فېئوداللىق جەمئىيەتتە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئادىتى بار ئىدى ) سىياسىي، ئىقتىسادىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇرلىنىپ ، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشلۈك ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ياكى بۇ ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن.

فېئودالاردىن باشقا بىر قىسىم ئىقتىساد ۋە ئىمتىيازى كۈچلۈك ئادەملەرمۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ۋە نىكاھ قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ياكى خوتۇنبازلىق ئىرسىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە خوتۇنبازلىق ئالامەتلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان ھالدا مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان ھەمدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا تىرىشقان. يەنە بىر تەرەپتىن، زىناخورلۇق، شەھۋەتپەرەسلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان ياكى باھانە - سەۋەب تېپىپ خوتۇندىن ئاجرىشىپ خوتۇن ئالغان.

ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن باشقا يەنە، ئىجتىمائىي ئورۇن،

ئىمتىيازمۇ بەزى ئادەملەرنىڭ خوتۇنبازلىق قىلىشىغا، پىسخىكىسىدا خوتۇنبازلىقنى يېتىلدۈرۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ. نىيىتى ئالا، ئەخلاقى ناچار، ئېتىقاد قۇرۇلمىسى كەمتۈك ئادەملەرنىڭ پىسخىكىسىدا يوشۇرۇن ساقلانغان خوتۇنبازلىق، زىناخورلۇق قىلىش ئىنتىلىشى ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە ئىمتىيازنىڭ تۈرتكىسىدە ئاسانلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ ھەرقانداق سىياسىي، ئىجتىمائىي ماركىسىدىن (سالاھىيىتىدىن) ھالقىپ چىقىپ خوتۇنبازلىق قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى خوتۇنبازلىق پىسخىكىسى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئامىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ كەمتۈكلۈكى، تەربىيىلەش مەقسىتىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى، ناچار ئائىلە مۇھىتىدىكى تەربىيىلەش سەۋەبىدىن بىر قىسىم ئادەملەردە كىچىكىدىن تارتىپلا ناچار ئەخلاقلىق، ئېتىقادى كەمتۈكلۈك ۋە خوتۇنبازلىقنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى ستىخىيىلىك يوسۇندا يېتىلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە زىناخورلۇق ۋە باسقۇنچىلىق جىنايەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئومۇمەن، خوتۇنبازلىق پىسخىكىسى نىكاھنى قەدىرلەش، ئائىلىنى سۆيۈش ئېتىقادى بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ گۈزەل كىشىلىك ئەخلاقنى بۇزىدۇ. بۇ خىل پىسخىكىلىق ئادەملەر ئەيش - ئىشرەت، جىنسىي ھەۋەس، مال - دۇنيا، نام - شۆھرەت قوغلىشىش مەقسىتىدە نىكاھ تۈزىدۇ.

خوتۇنبازلىق پىسخىكىسىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ئىنسانىدىكى نىكاھ، ئائىلە قارىشى بىمەنىلىك، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىغانلىق ئاخماقلىق. شۇڭا ئۇلاردا ئائىلە، نىكاھ ئېتىقادى

ئۆز مىللىتىنىڭ قىز ـ ئاياللىرىنى دەپسەندە قىلىپ سۇسلىشىدۇ ، ئۆزىنى قالتىس ئەركەك ھېسابلىشىپ كۆرەڭلەيدۇ . نەتىجىدە ئېتىقاد جەھەتتىكى ئاجىزلىق بارغانسېرى ئېشىپ ، باشقا ئېتىقادلارمۇ يوقىلىپ بارىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر بولسا ئاياللارغا بىنورمال ئىشلىتىپ ئەجدادلىرى تۇتقان يولدىن چىقىپ ئۆزىنى ، ئەلنى ، ئەۋلادلىرىنى خارلىققا ئىتتىرىدۇ ؛ بىر بولسا ئاياللارنى خورلاپ نادانلىق ، مەھكۇملۇققا تاشلايدۇ . خوتۇن ئېلىپ ، خوتۇن قويۇپ بېرىش ، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىش ، ئۈچىنچى شەخس بولۇپ ئارىغا قىسىلىش ، ئاياللارغا زوراۋانلىق قىلىش ، زىناخورلۇق قىلىپ ئارقىدىن ئۇيالماي داۋراڭ سېلىش قاتارلىقلار خوتۇنبازلارنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۆزىدە يېتىلدۇرگەن رەزىل ئادىتىدۇر .

نىكاھ ، ئائىلە دەسلەپتە مەيدانغا كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ ئائىلە ، نىكاھ قارىشىدا چىنلىق ، ياخشىلىق ئېتىقادى ئومۇميۈزلۈك مۇھىم ئورۇندا تۇرغان . ئىنسانلار نىكاھنى مۇقەددەس بىلىپ ئاياللارنى يېرىم ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان . بۇ نۇقتىنى قەدىمىي يۇنان رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئايال ئىلاھلار — گۈزەللىك ئىلاھى ، مۇھەببەت ئىلاھىدىن ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي رىۋايەتلىرىدىكى « ئۇماي ئانا » دىن كۆرگىلى بولىدۇ .

ئەجدادلىرىمىز قەدىمىي دەۋردە نىكاھ ، ئائىلىنى قەدىرلەش ئېتىقادىنى تۇرغۇزغان . « ئوغۇزخان » ئۆيلەنگەن ئايالنىڭ بىرى نۇر ئىچىدىن ، يەنە بىرى سۇ ئىچىدىكى دەرەخنىڭ كاۋىكىدىن چىققان . بۇلار ئاياللارنىڭ يېرىم ئىلاھلاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى . بىلگە خاقانىنىڭ ئوغلىنى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۆيلىگەنلىكى نىكاھنى مۇقەددەس بىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى .

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ياخشى كۆرگەن
مەھبۇبى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغاندىن كېيىن،
شائىرنىڭ ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەنلىكى مۇھەببەتكە سادىق
بولۇشنىڭ نەمۇنىسى ھەم يۈكسەك گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇقامى
ئىدى. ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە بۇ خىل نىكاھنى قەدىرلەش،
ئائىلىنى سۆيۈش، مۇھەببەتكە سادىق بولۇش ئېتىقادى يېتىلگەن
ۋە ئەمگەكچى خەلق ئىچىدە داۋاملاشقان. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق
بولۇش ئاساس قىلىنغان نىكاھقا ئەمەل قىلىپ كەلگەن. باشقىچە
ئېيتقاندا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاياللارنى «ئانا» چۈشەنچىسى
بويىچە ئۇلۇغلاپ، ئاياللارغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىپ ئەرلەرنىڭ
ئاياللارغا بولغان ھۆرمىتى، مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىپ
كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە خوتۇنبازلىق پىسخىكىسى ۋە قىلمىشى
قەبىلە تۈزۈمى (فېئوداللىق خاراكتېرىنى ئالغان قەبىلىداشلىق) ۋە
فېئودال ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى شارائىتىدا مەيدانغا
كېلىشكە باشلاپ بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسىدىن
ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلىرى:
بىرى، قەبىلە باشلىقلىرى، خاقان، ئېلىكخان،
بەگلەر مال - دۇنيا، سوۋغا - سالام، نام - شۆھرەت
ئۈچۈن نىكاھ تۈزگەن، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالغان.
بەزىلىرى «سوۋغات خوتۇن» لارنى نىكاھىغا ئېلىپ
خوتۇنبازلىقنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان. يەنە بىرى، قەبىلەر
ئارىسىدىكى ياپلاق، يەر تالىشىش جېدەللىرىدە قىز - ئاياللارنى
بۇلاش قەبىلە ئۇرۇشىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىنغان. مانا بۇلار
ماھىيەتتە خوتۇنبازلىقنىڭ بىر خىل مەھسۇلى ئىدى.

فېئودال تەبقە ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرىقىدەك ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە خوتۇنبازلىقنىڭ ھەرخىل ئىپادىلىرىنى چىقىرىپ، مىللەت ئىچىدە نادانلىق پىسخىكىسىنىڭ يىلتىزىنى شاخلاتقۇزۇپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بۇزۇش، ئاياللارنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغان. مۇشۇنداق ھالەتكە ئاساسەن قوشنا مىللەتلەر « سارتلارغا خوتۇن بولسىلا باشقىنى ئويلىمايدۇ » ، « ئاناڭنى ... دېسە ئانچە ئېرەن قىلمايدۇ، خوتۇنۇڭنى ... دېسە جېنى چىقىدۇ. » دېگەن كىنايىلىك يەكۈننى چىقىرىشقان. بۇ سۆز بىزدىكى خوتۇنبازلىقنىڭ خېلى ئېغىر دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

دىنىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى ۋە مەدەنىيەت ئامىلى بولۇش رولى ئۇيغۇرلاردىكى خوتۇنبازلىقنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن قوشۇمچە ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دىنىدىكى بىر قىسىم پاسسىپ نىكاھ، ئائىلە قارىشى ۋە ئەمەللەر خوتۇنبازلىقنى قانۇنلاشتۇرغان ياكى ئۇنى قوغدىغان. شامان ۋە بۇددا دىنىدىكى تەبىقىچىلىك چۈشەنچىسى ھوقۇق، ئىقتىسادقا ئىگە تەبقە ئادەملىرىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، خوتۇنبازلىق قىلىش ئىدىيىسى ۋە پسىخىكىسىنى كۈچەيتكەن. بۇنى « ئوغۇزخان » نىڭ ئىككى ئىلاھىي ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىڭ ئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىدە ئاياللارنىڭ بەدەن كۆرۈنۈشى، خان، پادىشاھلارنىڭ بەزمىلىرىدىكى ئۇسسۇلچى ئاياللارنىڭ تەسۋىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى نامايان قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، بۇنى خوتۇنبازلىق ئاساس قىلىنغان ئىپادىلەشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇددا دىنى شارائىتىدىكى بىر قىسىم خان - پادىشاھلار كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش بىلەن بىرگە

ئوردىسىغا نۇرغۇن قىز - دېدەكلەرنى يىغىۋېلىپ خوتۇنبازلىق قىلىشقان. ئىسلام دىنىدىكى «تۆت خوتۇنلۇق بولۇش» سۈننىتى فېئوداللار ۋە بىر قىسىم ئادەملەر تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنبازلىق قىلمىشىنى ياپىدىغان پەردە (نىقاب) گە ئايلانغان. پادىشاھ - سۇلتانلارنىڭ ھەرەمخانىلىرىغا نۇرغۇن ئاياللارنى يىغىپ ئەيش - ئىشرەت قىلغانلىقى (ئاباسىيلار خەلىپىلىكىدە بۇنداق ئىش ئەۋجىگە چىققان) ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىر قىسىم دىني تونغا ئورىنىۋالغان فېئوداللار ۋە دىندارلارنىڭ جۈملىدىن جەمئىيەتتىكى بەزى ئادەملەرنىڭ خوتۇنبازلىق، زىناخورلۇقنى پسىخىكىسىغا سىڭدۈرۈۋېلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار نامراتلارنىڭ كىچىك قىزلىرىنى زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ كىچىك خوتۇن ياكى توقال خوتۇن قىلىپ ئاياللارنى خورلىغان. بەزى دىندارلار (ئىشانلار) مۇرتلىرىنىڭ نارىسىدە قىزلىرىغا دۇئا قىلىپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ بىر مەزگىل خوتۇن قىلغاندىن كېيىن باشقىلارغا «پاتىھە» قىلىپ چېتىپ قويۇشتەك قىلمىشلارنى دائىم سادىر قىلغان.

تارىخىمىزدا خوتۇنبازلىق قىلمىشلىرى مىللەتكە، جەمئىيەتكە نۇرغۇن ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ھازىرقى كۈندىمۇ بۇ پسىخىك ئامىل ئايرىم ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىدا مەۋجۇت بولغاچقا ھەر قاچان ئىپادىلەنمەكتە. ئۇ زامان تەرەققىياتى ۋە زامان تۈۋەنلىتىپ، جەمئىيەتتە زىناخورلۇق، پاھىشىۋازلىقنىڭ مەۋجۇت ئەخلاقىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، مىللەتنىڭ ساپاسىنى بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بېرىۋاتىدۇ، مىللەتنى روھىي جەھەتتىن نابۇت قىلىش رولىنى ئويناۋاتىدۇ.

# 15 . « قىلما ! » دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلىش

ئىنسان تەپەككۇر قىلالايدىغان، ھەق - ناھەق، توغرا - خاتاغا ھۆكۈم قىلالايدىغان، پايدا - زىياننى ئايرىيالايدىغان مەخلۇق. لېكىن بەزىدە بىر قىسىم ئادەملەر ئىنسانغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان قىلىقلارنى سادىر قىلىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنى ئىنساننىڭ ھەر قانداق سۆز - ھەرىكىتى ئۇنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدىن؛ ئادەمدە قايسى خىلدىكى خاراكتېر بولسا، شۇنىڭغا ماس سۆز - ھەرىكەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەلۇم پسىخىك خاراكتېرنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى ئادەملەر « قىلما ! » دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك چۈشەنچىسى بويىچە ئىش - ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. ئىش - ئەمگەك، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تۇرمۇش، نىكاھ، تويلىشىش، ئەخلاق، كىيىنىش - ياسىنىش، يېمەك - ئىچمەك، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، مەرىكە - مۇراسىم ئۆلۈم ئۇزىتىش ئىشلىرىدا بىر يۈرۈش قائىدە - ئۆلچەملەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان. ئىنسانلاردىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ئېتىقادى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان دۇرۇس پسىخىك ئامىللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، بىر قىسىم

ئادەملەردە ئېتىقاد ۋە نىيەت ئوخشاشماسلىقى كېلىپ چىققان. ئۇلار ئۆزىدە شەكىللەنگەن ساختىلىق، رەزىللىك پسىخىكىسىنى ئۇلغايتىپ، ئىللەتلەرنى سادىر قىلىشقا باشلىغان.

«قىلما!» دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلىش ئىنسان پسىخىكىسىدىكى غەيرىي ئامىلنىڭ ماھىيەتتىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ساختىلىق، رەزىللىك بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بار. ئەمما پسىخىك تەھلىل نۇقتىسىدىن ئۇنى پۈتۈنلەي رەزىللىك ياكى ساختىلىقنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ «قىلما!» دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلغۇچىلارنى مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى خىلغا مەنسۇپلار ـــ نادانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان خاتا قىلمىشىنىڭ زىيىنىنى بىلمەيدۇ؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەر ـــ ساختىلىق، رەزىللىك قىلىش خۇيىغا ئىگىلەر بولۇپ «قىلما!» دېگەن ئىشلارنى قەستەن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ماھىيىتىدە شەخسىي غەرەز، پۇل (ئىقتىساد) پەرەسلىك، ئۆزىنى كۆرسىتىش، ناچار ئەخلاقى بىلەن نوچىلىقىنى ئىپتىراپ قىلدۇرۇش، ئۇتتۇرىدىن نەپ ئېلىش، ... قاتارلىقلاردىن باشقا نەرسە يوق.

«قىلما!» دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلىش ئادەتتە ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن، ئەخلاقىي ئۆلچەم، قانۇن ۋە دىنىي ئەقىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشتا تىپىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ھالەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

تويلىشىشتا تويلۇقنى ئېغىر سالماسلىق، «مەسلىھەت چېيى» قىلماسلىق، قىز تەرەپكە سېلىق سالماسلىقنى؛ توي مەرىكىسى، قىز يۆتكەشتە ھەشەمەتچىلىك، داغۋازلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغانچە، ئۇ قىلىقلارنى كۈچەپ قىلىش، ئىقتىسادىي

ئەھۋالى ناچار بولسىمۇ ئامال قىلىپ « يۈز » ى ، « ئابروي » نى ساقلاپ قېلىش ؛

ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ، ئىقتىسادچىل بولۇش كېرەك دېگەنچە ، خەتنىگە توي قىلىش ، قۇلاق تېشىشكە توي ، ۋېچىركا ، تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەشلەرنى پەيدا قىلىش ۋە ھەشەمەتچىلىك قىلىش ؛

دورامچىلىقنى ئەيىبلىگەنچە ، مىللىي كىيىم - كېچەكنى تاشلاپ ، غەيرىي كىيىملەرنى ياراشسۇن - ياراشمىسۇن قوغلىشىپ كىيىش ، چېچىنى كېسىش ، بويىنغا زۇننار ئېسىش ؛ غەلىتە قىلىقلارنى دوراپ ئۇنى ھازىرقى زامان مۇزىكىسى ، ئۇسسۇلى دېيىلىش ، زاڭلىق قىلغاننى ئۇقماي كۆچەپ دوراش ؛

مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ، روھىي ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىش ، ئاداۋەتخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، يۇرتۋازلىق ، چېقىمچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغانچە ئۇنى دەستۇر قىلىش ؛ بالىلار - ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتقانچە ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ، سودا - تىجارەتكە سېلىش ، ياللانما ئىشچىلىققا بېرىش ؛

ئەخلاقلىق بولۇش دېگەنچە ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ قىز - ئاياللارنى توسۇپ بىمەنە سۆزلەش ، ئادەم تىللاش ، جېدەل قىلىش ؛

ئىتتىپاق بولۇش دېگەنچە ، مەزھەپچىلىك ، گورۇھۋازلىق قىلىش ؛

ئائىلىنى قەدىرلەش دېگەنچە ، ئۇنى بۇزۇپ - چېچىپ ، ئىسراپچىلىق قىلىش ؛

تارازا - ئۆلچەمدە ئادىل بولۇش ، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك دېگەنچە ، مالنى كەم بېرىش ، ئۆتنىنى قايتۇرماسلىق ؛ جازانىخورلۇق قىلىش گۇناھ دېگەنچە ، كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش ؛

تىرىشىپ ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق يېيىشنى تەلەپ قىلغانچە بەككارلارچە پۇل تېپىش ، ئالدامچىلىق قىلىش ، ھورۇنلىشىپ ياردەم ، قۇتقۇلدۇرۇشنى كۈتۈش ؛

ئايالالار - بالىلارنى ئاسراش كېرەك دېگەنچە ، ئۇلارنى كەمسىتىش ، خورلاش ؛

رولىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەنچە ، سۆرەلمىلىك قىلىش ، بوشاڭلىق قىلىش ، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش ؛

ئىقتىدار ، سەۋىيىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلغانچە خۇشامەتچى ، يالغانچى ، ئىككى يۈزلىمىچى ، پۇرسەتپەرەستلەرنى ياخشى كۆرۈش ؛

ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، بىلىملىكلەرنى قەدىرلەش دېگەنچە چوڭلارنى پوش دېمەسلىك ، بىلىملىكلەرنى چەتكە قېقىش ؛ ئىقتىسادچىل بولۇش دېگەنچە ، ئىش چىقىرىپ ئىسراپخورلۇق قىلىش ؛ ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش دېگەنچە ، ئۆي كۆچىكەننى مۇبارەكلەش ، ئۆي سالغاننى مۇبارەكلەش ، ھوقۇق - ئىمتىياز ئۆسكەننى ھەتتا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىۋالغانلىقىنى مۇبارەكلەش ، ئۆيمۇ ئۆي ئايلىنىپ داستىخان سېلىش قىلىقلىرىنى چىقىرىپ ئىقتىسادنى داستىخانلاردا بۇزۇش - چېچىش ؛

بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش ، رەھىمدىل بولۇش دېگەنچە ، بىرى - بىرىگە ئازار بېرىش ، رەھىمسىزلىك قىلىش ؛

پاكىز بولۇش كېرەك دېگەنچە تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق ،

ئىنتىزامچان بولۇش دېسە، ئىنتىزامسىزلىق قىلىش؛
مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش دېسە، قوپاللىق، تۈكتەملىك، زوراۋانلىق قىلىش ... قاتارلىقلار.

«زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، قائىدە - يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار» دېگەندەك، «قىلما!» دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلغۇچىلار گۈزەل كىشىلىك ئەخلاقنى بۇزىدۇ؛ پايدىلىق ئۆرپ - ئادەتلەرنى چەكلەپ، زىيانلىق ئادەت قوشۇلمىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ؛ دورامچىلىق قىلىپ مىللىي مەدەنىيەت، سەنئەتنى تۈيۈق يولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ؛ نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ باشقىلارغا زىيان سالىدۇ. ئاخىرىدا ئەۋلادلارنى زەھەرلەيدۇ.

ئومۇمەن «قىلما!» دېگەننى ئاشۇرۇپ قىلىش، مەيلى شەخس، مەيلى مىللەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن بولسۇن، ئېغىر، زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئومۇمىيلىقنى، كەلگۈسىنى، ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدىكەنمىز «قىلما!» دېگەن ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز، بەلكى ئۇنى چەكلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

# ئۇيغۇرلاردىكى پسىخىك ئاجىزلىقلار

ئاپتورى : ئەنۋەر تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى : پازىلجان مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 ×787 مم 1/32 ، باسما تاۋىقى : 5
1996 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 6070

ISBN7 — 5373 — 0546 — 3/B. 10
باھاسى : 3.50 يۈەن

本书主要讲述维吾尔人心理状况和习俗上的一些弊端。

# 维吾尔人心理上的一些弊端

作者：安瓦尔.吐尔逊
责任编辑：帕孜里江.木沙
责任校对：姑丽巴哈尔.买买提依明

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 5印张 2插页
1996年6月第一版 1996年7月第一次印刷
印数：1—6070

ISBN7—5373—0546—3/B.10(民文)
定价：3.50元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن

مېھرى ، شاپائىتى بار ھەر قىزىسىلە ،
ئىي تەبلى ، شۇنداق چۈشەن سىلىتىنىمۇ ،
پەيتىمۇ سىلىتىنىكىمۇ پەزىلىتى ،
چۈشىنىسە ئۆزىسىدىكى ئىللەتنىمۇ .
— تېيجىن لېبىز

ISBN 7-5373-0546-3

9 787537 305464 >

ISBN7—5373—0546—3

B. 10(民文) باھاسى 50 . 3 يۈەن